# يول

## ئۈممەت ۋاقىلىكىنى ئۆزگەرتىش ۋە ئۇنى
## ئويغىتىش ئۈچۈن قانداق ھەرىكەت قىلىش
## پىكرى ئۆگۈنۈشلىكى

بسم الله الرحمن الرحيم

## بىرىنچى باب

1- پەسىل

# ئۆزگەرتىش ۋاقىلىكى ۋە ئۇنىڭ ئاساسلىرى

ھەممىگە مەلۇمكى، ئىنسان پەقەت بۈگۈنكى كۈنى ئۈچۈنلا ياشمايدۇ، بەلكى بۇدۇنيا ھاياتىدىكى كېلەچىكىگە تەئەللۇق بولامدۇ ياكى دۇنيا ھاياتىدىن كېيىنكى ھاياتىغا تەئەللۇق بولامدۇ ياكى ئۇزاق كېلەچىكى ھەققىدە بولامدۇ پەرقسىز ئويلايدۇ.

ئىنسان ۋاقىلىكى شۇنداق بولغانلىقى ئۈچۈن ئىنسان ئۆزى ياشاۋاتقان ۋاقىلىككە (رىئاللىقىقا) ئەسلا رازى بولمايدۇ. ۋاقىلىك ياخشى بولسا ئۇنى تېخىمۇ ياخشىراق قىلىشقا، ئەگەر يامان بولسا ئۇنى ياخشىلاشقا ئىنتىلىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن ئىنساننى ئۆتمىشكە ئېچىنىۋاتقانلىقىنى ۋە دائىم كېلەچەككە كۆز تىكىۋاتقانلىقىنى، ئۇنىڭغا ئاشىق بولاۋاتقانلىقىنى كۆرىسىز.

ئۆزگەرتىش ھەققىدە پىكىر قىلىش ھايات ئۈچۈن ئىنتايىن زۆرۈردۇر. چۈنكى، ئۆزگەرتىش ھەرىكەت، ھەرىكەت: ھايات دېمەكتۇر. ھەرىكەت قىلماي بىر ھالەتتە تۇرۇۋېلىش ئۆلۈم .



يوقۇلۇش دېمەكتۇر. دېمەك ھايات ئۆسۈش ۋە ھەرىكەت كۆرۈنۈشىدىن باشقا نەرسە ئەمەس. شۇنىڭ ئۈچۈن ھەربىر ئۈممەت، ھەبىر شەخس ئۆزگەرتىش ھەققىدە پىكىر قىلىشى ۋە ئۇنىڭغا ھەرىكەت قىلىشى كېرەك. ئۆزگەرتىش ھەققىدە پىكىر قىلماسلىق ۋە ئۇنىڭ ئۈچۈن ھەرىكەت قىلماسلىق ئۈممەتنىڭ يوق بولۇپ كېتىشىگە، شەخسلەرنى بولسا تارقاق بولۇپ كېتىشىگە ئېلىپ بارىدۇ. چۈنكى ۋاقىلىككە بويسۇنۇپ قېلىش ئەڭ خەتەرلىك ئاپەت ۋە ئەڭ چوڭ مۇسىبەتتۇر.

ئۆزگەرتىش ھەققىدە پىكىر قىلىش پەقەت ئۆز ئەھۋاللىرىنى ئۆزگەرتىش زۆرۈر ئىكەنلىكىنى ھېس قىلىۋاتقان ئىنسانلاردىلا مەۋجۇت بولۇپلا قالماي، بەلكى كائىناتتا ئۆزگەرتىشنى تەقەززا قىلىدىغان ھالەت بارلا بولىدىكەن، ئۇ ھەم بار. شۇنىڭ ئۈچۈن ئىنسان پەقەت ئۆز ئەھۋالى ، جەمئىيىتى، خەلقى ياكى ئۈممىتى تارلىقلارنىڭ ئەۋالىنى ئۆزگەرتىش ھەققىدە ئويلاش بىلەنلا چەكلەنمەي، بەلكى باشقىلارنىمۇ ئۆزگەرتىش ھەققىدە ھەم ئويلايدۇ. بۇنىڭغا سەۋەپ ئىنساندا «ئىنسانلىك خۇسۇسىيىتى» يەنى «ئۆز نەۋئىنى ساقلاپ قېلىش» تۇيغۇسى بار. بۇ تۇيغۇ ئىنساننى ئۆزىنىڭ يۇرتىدىكى خەلقى بولامدۇ ياكى باشقا يۇرتلاردىكى خەلق بولامدۇ ھەربىر ئىنسانغا ئەھمىيەت بېرىشكە ئۈندەيدۇ.

ھەربىر ئىنساندا ئۆزگەرتىشكە ئىنتىلىش بولسىمۇ، بىراق شارائىتلار، ۋەزىيەتلەر ۋە ئامىللار باركى، ئۇلار بۇ ئىنتىلىشنى سۇسلاشتۇرىدۇ ۋە توختىتىپ قويىدۇ ياكى ئەكسىنچە بۇ ئىنتىلىشنى ئالغا سۈرىدۇ. بۇنىڭغا سەۋەپ شۇكى ئۆزگەرتىش مەشەققەتلىك، قىيىن ئىش بولۇپ، زور كۈچ سەرىپ قىلىشلارنى ۋە كاتتا قۇربان بېرىشلارنى تەلەپ قىلىدۇ. شۇ سەۋەپتىن بۇ ئىشنى كۈچلۈك، ئۆتكۈر پىكىرلىك، ئىرادىلىك، ئىنتايىن سەزگۈر

بولغان ئىنسانلارلا قىلالايدۇ. چۈنكى ئادەملەرنىڭ تەمىناتلىرىغا ۋە گەردەنلىرىگە مىنىۋالغانلار ئۆزگەرتىشكە قارشى تۇرىدۇ. ئىرادىسىز بىلى بوشلار، ھۇرۇنلار، ئاجىزلار ئۆزگەرتىشنى ياقتۇرمايدۇ. چۈنكى ئۆزگەرتىش ئىشى مۇرەسسەسىز كۈرەش ئېلىپ بېرىلىدىغان ئىشلار جۈملىسىدىندۇر.

ئۆزگەرتىشكە ئىنتىلىش كۆڭۈل تۈرىدىن ئېتىلىپ ئۇرغۇپ چىقسىمۇ ۋە ھايات ۋاقىلىكلىرى ئۇنىڭغا ئۈندىسىمۇ، بىراق ئۆزگەرتىشنى پىلانلاپ بېرىشكە ھەربىر ئىنسان قادىر ئەمەس، بەلكى بۇنىڭغا پىكرى جەھەتتىن يېتەكچىلىك قىلالايدىغان ئىنسانلارلا قادىر. بۇنداق كىشىلەر باشقىلارنى قانائەتلەندۈرۈش ياكى قارشى تۇرغىلى بولمايدىغان كۈچ بىلەن ئۆزگەرتىش يولىدا مېڭىشقا ئۈندەيدۇ.

ئۆزگەرتىشكە ئىنتىلىش ھەربىر ئىنساننىڭ قەلبىدە لاۋۇلداپ تۇرغانلىقى ئېنىق كۆرۈنۈپ - سېزىلىپ تۇرسىمۇ، بىراق ئۆزگەرتىشنىڭ كۈچلۈك ياكى ئاجىزلىقى ھەمدە ئۆزگەرتىشكە ئۈندۈگۈچى ئامىللار ۋە ئۆزگەرتىشتىن كۆزلەنگەن مەقسەتلەر ۋە غايىلار بىر ئىنساندىكىسى يەنە بىر ئىنساننىڭكىدىن پەرقلىق بولىدۇ. مەسىلەن، بەزى ئىنسانلارنى ئۆزگەرتىشكە بارلىق كۈچى بىلەن ئىنتىلىۋاتقانلىقىنى ۋە شىددەتلىك كەلكۈندەك ياكى كۈشلۈك بۇراندەك ئۆزگەرتىشكە ھەرىكەت قىلىۋاتقانلىقىنى كۆرسەك، بەزىلەر بولسا بىچارە گادايغا ئوخشاش ئۆزگەرتىشكە دەۋەت قىلىۋاتقانلىقىنى، كېسەل تاش پاقىغا ئوخشاش قىمىرلاۋاتقانلىقىنى كۆرىمىز. بەزى ئىنسانلاردىكى ئۆزگەرتىشكە ئىنتىلىش پەقەت بىر ئۇممەتنىڭ ناچار ۋاقىلىكىنىلا ئەمەس، بەلكى پۈتۈن ئالەمنى گۈزەل ھالەتكە ئۆزگەرتىشكە مەقسەت قىلغانلىقىنى، ۋە بۇنىڭغا ئۈندەۋاتقان ئامىل اللەنى رازى قىلىش ياكى ئالى قىممەتلەر ئىكەنلىكىنى



كۆرسەك، بەزىلەردىكى ئۆزگەرتىشكە ئىنتىلىش تۇرمۇشنىڭ شېرىنراق لوقمىسىغا ئىگە بولۇش ياكى ئۆتكۈنچە ھايۋانى شەھۋەتلىرىنى قاندۇرۇشتىن نېرىسىغا ئۆتمەيۋاتقانلىقىنى، ئۆزگەرتىشكە ئۈندەۋاتقان ئامىل ھەسەتخورلۇق ئىكەنلىكىنى، مەقسىدى بولسا ئەرزىمەس بىھۇدە ئىكەنلىكىنى كۆرىمىز.

ئۆزگەرتىشنىڭ ۋە ئۇنىڭدىن كۆزلەنگەن مەقسەت ۋە غايىلارنىڭ ۋە ئۆزگەرتىشنىڭ كۈچلۈك ياكى ئاجىزلىقىنىڭ ھەرخىل بولىشىغا سەۋەبچى بولىدىغان ئامىللارنى دىققەت بىلەن تەكشۈرۈپ كۆرگىنىمىزدە، بۇنداق ھەرخىل بولىشقا سەۋەبچى بولۇپ، تەسىر كۆرسىتىدىغان نۇرغۇن ئامىللارنىڭ بارلىقىنى بايقايمىز. بىراق بۇ ئامىللارنىڭ ئەڭ ئاساسلىقى پىكرى چۈشۈنۈپ يېتىشتۇر. بۇنى تۆۋەندىكىدەك شەرھىلەيمىز:

ئىنسان قاچانكى ۋاقىلىكنىڭ بۇزۇقلىقىنى ياكى ناچارلىقىنى ياكى كۆڭۈلدىكىدەك ياخشى ئەمەسلىكىنى بىلسىلا ئۆزگەرتىش ھەققىدە پىكىر قىلىدۇ. بۇنداق بىلىش بولسا، ۋاقىلىكنىڭ بۇزۇقلىقىنى ھېس قىلىش - سېزىش بىلەن ھاسىل بولىدۇ. چۈنكى، پىكرى جەريان (يەنى پىكىر قىلىش) ئۈچۈن ۋاقىلىكنى ھېس قىلىش - سېزىش ئاساسى شەرتتۇر. ئىنسان بىرەر نەرسىنى ياكى ئۇنىڭ بىرەر ئالامىتىنى ھېس قىلمايدىكەن، ئۇنەرسىنى بىلەلىشى ياكى چۈشىنەلىشى مۇمكىن ئەمەس. "بۇزۇقلۇق" دېگەن ھېس قىلىنىدىغان ئالامەتلەرگە ئىگە ئالاھىدە بىر ۋاقىلىك بولغاچقا ئىنسان بۇ ۋاقىلىكنى ئۆزگەرتىش ھەققىدە پىكىر قىلالايدىغان بولىشى ئۈچۈن بۇ ۋاقىلىكنى ۋە ئۇنىڭ بۇزۇقلىقىنى ھېس قىلىشى لازىم. دېمەك، ئىنسان ۋاقىلىكنىڭ بۇزۇقلىقىنى ھېس قىلسا، ئۇنى چۈشىنىدۇ. قاچانكى ۋاقىلىكنىڭ بۇزۇقلىقىنى چۈشەنسە،

ئۇنى ئۆزگەرتىش ھەققىدە پىكىر قىلىشقا باشلايدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن ۋاقىلىكنىڭ بۇزۇقلىقىنى ھېس قىلىش لازىم. بىراق ھەممىگە مەلۇمكى، بۇزۇقلۇق ياكى ئۇلۇغلۇق، باتۇرلۇق ياكى قورقۇنچاقلىق ياكى ئابرويغا نۇقسان يەتكۈزگۈش قاتارلىق مەنىۋى ئىشلارنى ھېس قىلىش بىلەن مۇزنىڭ سوغۇقلىقى ۋە ھەسەلنىڭ تاتلىقى ئاچچىق تاۋۇزنىڭ ئاچچىقلىقىغا ئوخشاش ماددى نەرسىلەرنى ھېس قىلىش ئوتتۇرىسىدا پەرق بار. بۇنىڭغا سەۋەپ شۇكى: سەزگۈ ئەزالارنىڭ ھېس قىلىش - سېزىش دەرىجىسى ئىنسانلار ئوتتۇرىسىدا بىرخىل بولماي ئاز-تولا پەرقلىق بولسىمۇ، بارلىق ئىنسانلار ماددى نەرسىلەرنى ھېس قىلىش ئۈچۈن كېرەكلىك بولغان سەزگۈ ئەزالارغا ئىگەدۇر. بىراق بۇزۇقلۇق، ياخشىلىق، يامانلىق، شان - شەرەپ ئۇلۇغلۇق قاتارلىقلارغا ئوخشاش ماددى بولمىغان مەنىۋى ئىشلارنى ھېس قىلىش بولسا، ئىنساندا قانداق ھوكۇم چىقىرىشنى بەلگۈلەپ بېرىدىغان سابىق پىكىر (ئالدىن بېرىلگەن مەلۇمات) نىڭ بولىشىغا باغلىقدۇر. شۇنىڭدىن كېلىپ چىقىدۇكى ماددى نەرسىلەرنى ھېس قىلىش "ئىدراكى ھىسسى" يەنى ھېس قىلىپ بىلىش دەپ، ماددى بولمىغان مەنىۋى ئىشلارنى ھېس قىلىش "ئىھساسى پىكرى" پىكرى ھېس قىلىپ بىلىش دەپ ئاتىلىدۇ.

ئىنسانلار ئارىسىدا ئىھساسى پىكرى جەھەتتە پەرق بولغانلىقتىن ئۇلارنىڭ پىكرى ھېس قىلىشمۇ پەرقلىق بولىشى تەبىئىدۇر. مەسىلەن، بىر ئادەم مەلۇم بىر نەرسە ھەققىدە سابىق پىكرى بولغانلىقى ئۈچۈن ئۇ نەرسىنىڭ بۇزۇقلىقىنى كۆرەلىسە، باشقا بىر ئادەم بۇنداق سابىق پىكرى بولمىغانلىقىدىن ئۇ نەرسىنىڭ بۇزۇقلىقىنى كۆرەلمەيدۇ. بەزى ئىنسانلار زۇلۇم قىلىنىۋاتقانلىقىنى ئاسانلىق بىلەن ھېس قىلالىسىمۇ بەزىلەر بولسا بۇنى ھېس قىلالمايدۇ ياكى ھېس قىلىشى ناھايىتى قىيىن بولىدۇ.



www.uyghurkitap.com

پىكرىي ھېس قىلىش پەرقلىق بولغانلىقى ئۈچۈن ئىنسانلار ماددى بولمىغان ئىشلارنى ھېس قىلىشى يەنى پىكرى ھېس قىلىشىدا بىر - بىرىدىن پەرقلىق بولىدۇ. ئىنسانلار پىكرى ھېس قىلىش جەھەتتىن ئۈچ تۈرگە بۆلىنىدۇ:

1. ئۆتكۈر ھېس قىلغۇچىلار. بۇنداق ئىنسانلار بۇزۇقلۇقنى ياكى ئۇنىڭغا ئوخشاش ھالەتنى تېز ھېس قىلالايدۇ.

2. ئاددى ھېس قىلغۇچىلار. ئۇلار بۇزۇقلۇقنى ھېس قىلالايدىغان بولىشى ئۈچۈن بىر ئاز ھەرىكەت قىلىشىمىزغا مۇھتاج بولىدۇ.

3. ئاجىز ھېس قىلغۇچى ئادەملەر. بۇنداق ئادەملەر ئۆتكۈر ھېس قىلغۇچى ئادەملەر ھېس قىلغاندەك ھېس قىلالايدىغان بولىشى ئۈچۈن زور تىرىشچانلىق كۆرسىتىشىمىزگە توغرا كېلىدۇ.

شۇ سەۋەپتىن ھېس قىلىش پەيدا بولىشى، كېيىن ئۆزگەرتىش ھەققىدە پىكىر قىلىش مەيدانغا كېلىشى، كېيىن بولسا ئۆزگەرتىشكە ھەرىكەت قىلىشى ئۈچۈن چۈشۈنۈش ۋە سابىق پىكىر كېرەك. بۇزۇقلۇقنى ياكى بۇزۇق ۋاقىلىكنى ھېس قىلىش نەقەدەر كۈچلۈك بولسا ئۆزگەرتىشكە ھەرىكەت قىلىشمۇ شۇنچە كۈچلۈك بولىدۇ.

بىراق بۇزۇقلۇقنى ياكى بۇزۇق ۋاقىلىكنى چۈشۈنۈپ يېتىشنىڭ ئۆزىلا ئۆزگەرتىش ئۈچۈن ھەرىكەت قىلىشقا يېتەرلىك ئەمەس. بەلكى بۇنىڭغا قوشۇمچە قىلىپ بۇزۇق ۋاقىلىكنىڭ ئورنىنى باسقۇچى ۋاقىلىكنىمۇ ئاڭلىق ھالدا بىلىش، چۈشۈنىش لازىم. بۇ بولسا ئاڭلىق ھالدا چۈشۈنۈپ يېتىش مەسىلىسىنىڭ ئىككىنچى تارمىقىدۇر. ئاڭلىق ھالدا چۈشۈنۈپ يېتىش مەسىلىسىنىڭ بىرىنچى تارمىقى بۇزۇق ۋاقىلىكنى ئاڭلىق ھالدا چۈشۈنۈپ يېتىش ۋە بۇزۇقلىقنى ھېس قىلىشتۇر. ئىككىنچى

تارمىقى بۇ بۇزۇق ۋاقىلىكنىڭ ئورنىنى باسقۇچى ۋاقىلىكنى بىلىشتۇر. بۇنداق خۇلاسە قىلىشىمىزدىكى سەۋەپ: ئۆزگەرتىش ھەرىكىتى مەقسەتسىز- غايىسىز بىھۇدە ئىش بولۇپ قالماستىن، بەلكى مەقسەتلىك ۋە ئېنىق بىر غايىگە يۈزلەندۈرۈلگەن ئىش بولۇشى ئۈچۈندۇر.

مانا شۇ سەۋەپتىن پىكرى جەھەتتىن ئاڭلىق چۈشۈنۈپ يېتىش ئۆزىنىڭ ئىككى تارمىقى يەنى ۋاقىلىكنى ئاڭلىق ھالدا چۈشۈنىش، بۇزۇق ۋاقىلىكنىڭ ئورنىنى باسقۇچى ۋاقىلىكنى ئاڭلىق ھالدا چۈشىنىش بىلەن ئۆزگەرتىشنىڭ ئاساسى، ھەمدە پىكىر قىلىش جەريانىغا تەسىر كۆرسەتكۈچى ئامىللارنىڭ ئەڭ مۇھىمراقى بولۇپ قالىدۇ. ئىنساننىڭ پىكرى جەھېتتىن ئاڭلىق ھالدا چۈشىنىشى ئاشقانسىرى پىكرى جەھەتتىكى مەسىلىلەرنى ھېس قىلىشىمۇ ئېشىپ بارىدۇ، يەنى ئۇنىڭ ھېس قىلىشى ئۆتكۈرلۈك دەرىجىسىگە يېتىدۇ. بۇ خۇلاسىنى ئىزاھلاش ئۈچۈن تۆۋەندىكى مىسالنى كەلتۈرىمىز: - ھۆكۈمرانلىق ۋە ئۇلۇغلۇق سۈتىنى ئېمىپ، ئىززەت - ئىكرام ۋە ھۆرمەت - ئېتىبار مۇھىتىدا چوڭ بولغان شەخس بىلەن خارلىق ۋە تۆۋەنلىك سۈتىنى ئېمىپ، خورلاش ۋە كەمسىتىلىش پاتقىقىدا تەربىلەنگەن شەخسنى ئېلىپ كېلىپ، ئىككىلىسىنى بىرخىل خارلىساق ئىككىلىسىنىڭ ئىنكاسى بىرخىل بولامدۇ ياكى ھەرخىل بولامدۇ؟ بىرىنچى شەخس ئىككىنچى شەخس قوبۇل قىلغان خارلىقنى قوبۇل قىلامدۇ؟ بۇنداق پوزىتسىيىگە ئىككىلىسىنىڭ قارشى تۇرۇش دەرىجىسى تەڭ بولامدۇ؟ تەبىئىكى بۇنىڭ جاۋابى ناھايىتى ئېنىق. بۇنىڭدىكى سەۋەپ بىرىنچى شەخس سابىق بىلىمى بىلەن ئاڭلىق ھالدا چۈشىنىۋالغانلىقى سەۋەبىدىن ۋە ھۆرمەت - ئىكرامغا ئۆگۈنۈپ قالغانلىقى ئۈچۈن خارلىقنى قوبۇل قىلمايدۇ. ئىككىنچى شەخس



بولسا ئەسلا ھېچقانداق ئىنكاس بىلدۈرمەيدۇ. چۈنكى ئۇ، خارلىنىش ۋە كەمسىتىلىشكە ئۆگۈنۈپ كەتكەن. دۇنياغا كەلگەندىن بېرى خارلىقتا ياشىغان. خارلىق ئىنساننىڭ ئۇلۇغلۇق شەرىپىگە زىت ئىش ئىكەنلىكىنى ئالدىن بىلمىگەن. ئۇ خارلىنىش ۋە كەمسىتىلىش ھاياتنىڭ ئاجرالماس بىر قىسمى دەپ بىلىدىغان ئېشەككە ئوخشايدۇ. شۇ سەۋەپتىن ھاياتنى خارلىقسىز تەسەۋۋۇر قىلالمايدۇ. ئۇنىڭ ھالىتى قاراڭغۇ زىندان دىۋارلىرى ئىچىدە تۇغۇلۇپ ئۆسكەن ئىنساننىڭ ھالىتىگە ئوخشايدۇ. بۇنداق ئىنسان زىنداندىن تاشقىرىدا زىندان شارائىتلىرىغا قارىغاندا پايدىلىنىشقا ئەۋزەل شارائىتلار بارلىقىغا ئىشەنمەيدۇ. ئۇنى تەسەۋۋۇر قىلىشمۇ قىيىن، بەلكى زىنداننى زىندان دەپ ئاتىلىشىغا رازى بولمايدۇ. چۈنكى، ئۇ زىنداندىن باشقا يەرنى بىلمەيدۇ ۋە ئۆزى تۇغۇلۇپ ئۆسكەن زىنداننى ياشاش ئۈچۈن تەبىئىي جاي دەپ بىلىدۇ.

بىرىنچى ئازات ئىنسان بولسا، خارلىنىش ئۇنىڭ ئۆغىسىنى قايىنتىۋېتىدۇ. چۈنكى، ئۇ بۇ "خارلىنىش" دېگەن سۆزنىڭ مەنىسىنى ناھايىتى ياخشى ھېس قىلىدۇ. ئەسلىدە ئىنساننى خارلاش ئەمەس، بەلكى ھۆرمەت - ئېھتىرام قىلىش، ئۇلۇغلاش كېرەكلىكىنى بىلىدۇ.

خۇلاسە شۇكى، ئۆزگەرتىش مۇقەررەر ئىش. ھەربىر ئىنسان ئۆزگەرتىشكە ئىنتىلىشنى ھېس قىلىسىمۇ، بىراق بۇ ئىنتىلىش ئىنسانلار ئوتتۇرىسىدا ھەر تۈرلۈك بولۇپ، مەقسەت غايىلىرىمۇ ھەرخىلدۇر. مانا شۇنىڭدىن ئۆزگەرتىش ئۈچۈن ھەرىكەت قىلىشنىڭ كۈچلۈك ياكى ئاجىز بولۇشىدىكى پەرق مەيدانغا كېلىدۇ. بۇلارنىڭ ھەممىسىدىكى ئاساس، بۇزۇق ۋاقىلىكنى ۋە ئۇنىڭ ئورنىنى باسقۇچى ۋاقىلىك بارلىقىنى پىكرى جەھەتتىن ئاڭلىق ھالدا چۈشىنىشتۇر. شۇنىڭ ئۈچۈن مۇتەپەككۇرلار (يەنى

مۇستەھكەم چۈشەنچىلەرگە ئايلاندۇرۇش خىزمىتىنى بېجىرىدۇ. بۇنىڭدىكى سەۋەپ ھاياتتا ھەرىكەتكە ئۈندەۋاتقان ئامىل پىكىرلا ئەمەس، بەلكى ئىنسان توغرىلىقىغا قانائەت قىلغان چۈشەنچىلەردۇر.

پىكىر بىلەن چۈشەنچە ئوتتۇرىسىدىكى پەرقنى تۆۋەندىكى مىسالدىن ئېنىق بىلىۋالغىلى بولىدۇ. مەسىلەن، بىرەر شەخسكە پالانى ھۆرمەتلىك ئادەم دەپ ئېيتىلسا، بۇ خەۋەر ئەگەر مەنىسى چۈشۈنۈلمىسە "مەلۇمات" ئەگەر مەنىسى چۈشىنىلسە "پىكىر" بولىدۇ. بىراق بۇ خەۋەر ھەر ئىككىلى ھالەتتە ئۇ شەخسنى ھۆرمەتلىك دەپ سۈپەتلەنگەن ئىنسانغا ھۆرمەت بىلەن مۇئامىلە قىلىشقا ئۈندىمەيدۇ. مۇئامىلىنىڭ كۈچلۈك بولۇش دەرىجىسى ھۆرمەتلىك دەپ سۈپەتلىنىپ خەۋەر بېرىلگەن شەخسكە ئىشەنچ ھاسىل قىلىش بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولىدۇ. يەنى خەۋەر مەنبەسىگە بىزنىڭ ئىشەنچىمىز ئاشقانسېرى ھۆرمەتلىك دەپ سۈپەتلىنىۋاتقان شەخسكە بولغان مۇئامىلىمىز ھۆرمەتكە يېقىنراق بولىدۇ. بىراق بىز "ھۆرمەتلىك" دەپ سۈپەتلەنگەن شەخس بىلەن مۇئامىلە قىلىشىپ، ئۇنىڭ ھەقىقەتتە شۇنداق ئىنسانلىقىنى ئىسپاتلىساق، ئۇنىڭغا بېرىلگەن سۈپەتنىڭ توغرىلىقىغا قانائەت ھاسىل قىلىمىز ۋە ھەلىقى پىكىر بىزنىڭ ئۇ ھۆرمەتلىك دەپ سۈپەتلەنگەن شەخس بىلەن داۋاملىق تۈردە مۇئامىلە قىلىشىمىزنى بەلگىلەپ بېرىدىغان چۈشەنچىگە ئايلىنىدۇ.

دېمەك، پىكىرلەرنى ياشاش يولىغا تەسىر كۆرسىتىدىغان چۈشەنچىلەرگە ئايلاندۇرۇش ئۈچۈن پىكىر ۋاقىتلىقكە ئۈيغۇن كەلگەن بولۇشى يەنى ۋاقىتلىق ئۇنىڭ توغرىلىقىنى ئىسپاتلىغان بولۇشى زۆرۈردۇر. چۈنكى، ياشاش يولى ئىنساننى «ئىمان كەلتۈرگەن ۋە سالىھ ئەمەللەرنى قىلغان زاتلار» دېگەن پىكىرگە



قانائەت ھاسىل قىلغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ. لېكىن تەبىئىيكى ھەممە پىكىرنى ۋاقىتلىقكە ئۇيغۇنلاشتۇرۇش ئىمكانىيىتى بىزدە يوق. چۈنكى ھەربىر ئىنسان ھەممە پىكىرلەرنىڭ ۋاقىتلىقىنى بىلەلمەيدۇ. كۆپۈنچە بەزى پىكىرلەرنىڭ ۋاقىتلىقىنى ھېس قىلالمايدۇ. ھەربىر پىكىرنىڭ ۋاقىتلىقىنى كۆز ئالدىدا گەۋدىلەنمەيدۇ. مانا شۇنىڭ ئۈچۈن پىكىرلەرنى چۈشىنىشتە ۋە ئۇلارنىڭ توغرا ياكى خاتالىقىغا ھۆكۈم چىقىرىشتا پەرق باردۇر. شۇنىڭ ئۈچۈن توغرا پىكىرنى خاتا پىكىردىن ئايرىۋېلىش ئىمكانىيىتىنى بېرىدىغان بىر يول بىزگە كېرەك. بۇ يول پىكرى ئۇل ياكى پىكرى ئاساستۇر.

ئىنسانىنىڭ بارلىق ئىش-ھەرىكەتلىرىنىڭ ئاساسىنى شەكىللەندۈرىدىغان، ئۇنى باشقا ئىنسانلاردىن ئالاھىدە پەرقلىق قىلىدىغان مانا بۇ پىكرى ئۇل، پەقەت قۇرۇق پىكىرلا بولماسلىقى، بەلكى ئومۇمى يەنى كۈللى پىكىر بولۇشى لازىم. چۈنكى ئۇ ئاساستۇر. ئاساس بولسا ھەممە نەرسىنىڭ ئۇلى بولۇپ بارلىق ئىشلار ئەنە شۇ ئاساستىن كېلىپ چىقىدۇ. ئەگەر بۇ ئاساس كۈللى پىكىر بولماستىن پەرئى يەنى ئىككىنچى دەرىجىلىك پىكىر بولسا ئاساس بولالمايدۇ. شۇ سەۋەپتىن پىكرى ئاساس كۈللى پىكىر بولۇشى ۋە بارلىق ئىشلار ئۇنىڭ ئاساسىدا يۈرگۈزۈلۈشى لازىم.

دېمەك، ئاساس ئىنساننىڭ بارلىق مۇئامىلىرىنى ھەل قىلىشقا، ئۇنىڭ چوڭ - كىچىك ھەممە سوئاللىرىغا جاۋاپ بېرەلەيدىغان بولۇشى كېرەك. شۇنىڭغا جاۋاپ بېرەلىسە كۈللى پىكىر ۋە پىكرى ئاساس بولۇشقا يارايدۇ.

مانا شۇ سەۋەپتىن راستچىللىق ياكى ئومۇملاشتۇرۇش ياكى ئىخلاس قاتارلىق پىكىرلەر پىكرى ئاساس بولۇشقا يارىمايدۇ. چۈنكى ئۇلار ئىككىنچى دەرىجىلىك پەرئى پىكىرلەر بولۇپ، باشقا

بارلىق پىكىرلەرنى ئاجرىتىپ بېرەلمەيدۇ ياكى ئىنساننىڭ بارلىق سوئاللىرىغا جاۋاپ بېرەلمەيدۇ.

ئىنسانغا دۇچ كېلىۋاتقان ۋە ئېنىق جاۋاپلارغا مۇھتاج بولىۋاتقان سوئاللار ئىككى خىل بولىدۇ. بىرىنچى، چوڭ ياكى تەقدىرنى ھەل قىلغۇچى سوئاللار. ئۇلارغا جاۋاپ تېپىش بىلەن ئىنسان خاتىرجەملىك ۋە راھەت ھېس قىلىدۇ. ئىككىنچىسى ئېھتىياجلار ۋە غەرىزىلەرنى قاندۇرۇش مۇئامىلىرىنى ھەل قىلىشقا تەئەللۇق ئىككىنچى دەرىجىلىك سوئاللاردۇر.

ئىنساننىڭ سوئاللىرى ۋە مۇئامىلىرىنى بىر قانچە تۈگۈنى بار ئارقان يەنى ئاغامچىغا ئوخشىتىشقا بولىدۇ. بۇ تۈگۈنلەرنىڭ بىرى چوڭ ۋە يېشىش قىيىن بولغان تۈگۈن بولۇپ، قالغانلىرى كىچىك ئىككىنچى دەرىجىلىك تۈگۈنلەردۇر. بىراق بۇ تۈگۈنلەرنى توغرا يېشىش چوڭ تۈگۈننى يەشمەي مۇمكىن ئەمەس. ئۇنداقتا چوڭ تۈگۈن دېگەن نېمە؟ چوڭ تۈگۈن دېگىنىمىز: بۇدۇنيا ھاياتىنىڭ ھەقىقىتى ھەققىدە، ئۇنىڭدىن ئالدىنقى ۋۇجۇت ۋە كېيىنكى ھايات ھەققىدە ۋە بۇدۇنيا ھاياتىنىڭ ئۆزىدىن ئالدىنقى ۋۇجۇت ۋە كېيىنكى ھاياتقا بولغان ئالاقىسى ھەققىدە ئىنساننى ئويلاندۇرغۇچى سوئاللاردۇر. بۇلارغا تەئەللۇق سوئاللارغا جاۋاپ بېرىش بىلەن بۇ تۈگۈن يېشىلسە، قالغان سوئاللارنىڭ ياكى باشقا مۇئامىلىلارنىڭ يېشىلىشى ئاسان بولۇپ قالىدۇ. بۇ چوڭ تۈگۈن يېشىلمىسە باشقا مۇئامىلىلارنى يېشىشتە ئىنسان گاڭگىراپ قالىدۇ. چۈنكى، چوڭ تۈگۈن ئەڭ توغرا يول بىلەن يېشىلمىسە ئىنسان ئۆز تەقدىرىگە خاتىرجەم بولالمايدۇ. ئىنسان ۋە ئۇنى ئويلاندۇرغان چوڭ تۈگۈننىڭ ۋاقىئلىكىنى، پۈتۈن ھاياتىنى غاردا ئۆتكۈزۈپ، بىرىنچى قېتىم چوڭ، ھەشەمەتلىك بىر قەسىرگە كىرگەن ئىنسان ھالىتىگە ئوخشىتىشقا بولىدۇ. بۇ ئىنسان بۇ قەسىردە بىرەر خاتا ئىش قىلىپ



قويۇشتىن قورقۇپ ياكى قەسىر ئىگىسىنىڭ جازالىشىدىن ئەنسىرەپ نېمە ئىش قىلىشنى بىلەلمەي گاڭگىراپ تۇرۇپ قالىدۇ. بۇ ئىنسان ئۆزىنىڭ ساغلام قېلىشىنى ۋە چەكلەنگەن ئىشنى قىلىپ سالماسلىقىغا كاپالەت بەرگۈچى مۇناسىپ ياشاش يولى ھەققىدە گاڭگىرىغان ھالەتتە ئۆز-ئۆزىدىن سوئال سوراشقا باشلايدۇ. بۇ ئىنسان قەسىر ئىگىسى بىلەن تونۇشۇپ، ئۇنىڭ بۇيرۇق ۋە توسۇقلىرىنى ھەمدە كۆرسەتمىلىرىنى قوبۇل قىلىۋېلىپ، نېمە ئىشنى قىلىش، نېمە ئىشنى قىلماسلىق قاتارلىقلارنى بىلمىگىچە خاتىرجەم بولالمايدۇ.

مانا بۇ چوڭ تۈگۈننىڭ ۋاقىئلىكىدۇر. شۇنىڭ ئۈچۈن پىكرى ئاساس كائىنات، ئىنسان ۋە ھايات ھەققىدىكى ۋە ئۇلاردىن ئالدىنقى ۋۇجۇت، كېيىنكى ھايات ھەققىدىكى كۆللى پىكىر بولىشى يەنى ئىنساننىڭ بارلىق سوئاللىرىغا جاۋاپ بېرەلەيدىغان ئەقلى ئەقىدە بولىشى كېرەك. ئەگەر كۆللى پىكىر بۇ سوئاللارغا ئېنىق، تولۇق جاۋاپ بېرەلىسە پىكرى ئاساس بولىدۇ ھەمدە ئەقلى ئەقىدە بولىدۇ. ئەگەر تولۇق جاۋاپ بېرەلمىسە پىكرى ئاساسمۇ ئەقلى ئەقىدىمۇ بولالمايدۇ. قىسقىسى ئۆزگەرتىشكە، ئويغىنىشقا ئاساس بولۇشقا يارىمايدۇ.

بىراق كۆللى پىكىر يەنى ئەقلى ئەقىدە ياكى پىكرى ئاساسنىڭ بولىشىلا ئەڭ توغرا ئاساس بولۇپ، ھەممىنى ئۆز ئىچىگە ئالغۇچى ئاساس بولۇشقا يارايدۇ دېگەنلىك ئەمەس، بەلكى ئۇ پىكرى ئاساسنىڭ بولغانلىقى توغرا بولامدۇ ياكى خاتا بولامدۇ ئۇنىڭدىن قەتئىينەزەر پەقەت بىر ئاساسنى شەكىللەندۈرگەن بولىدۇ دېگەنلىكتۇر. ئەمما بىزنىڭ توغرا ئويغىنىشقا يېتىپ بېرىشىمىز ئۈچۈن ئاساسنىڭ توغرىلىقىنى بەلگىلەپ بېرىدىغان ئامىللارغا كەلسەك، ئۇ كېيىنكى پەسىللەرنىڭ ماۋزۇسىدۇر.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com





# 7- پەسىل

## پىكرى ئاساسنىڭ توغرا بولۇشىنىڭ شەرتلىرى

بىز ئالدىنقى پەسىلدە ئاساس ئىنسانىنىڭ قىسمەن سۈئاللىرىغا ئەمەس، بەلكى بارلىق سۈئاللىرىغا جاۋاپ بېرەلەيدىغان، ھەممە مۇئاممالىرىنى ھەل قىلالايدىغان كائىنات، ئىنسان ۋە ھايات ھەققىدىكى كۆللى پىكىر بولسىلا پىكرى ئاساس ھەمدە ئەقلى ئەقىدە بولىدۇ دەپ ئېيتىپ ئۆتكەن ئىدۇق. چۈنكى، قانداقتۇر بىرەر پىكىر، بىر مۇئاممانى ھەل قىلالىشى ۋە پەرئى يەنى جۇزئى پىكىر بولۇپ قېلىشى ياكى بەزى بىر مۇئامالارنى ھەل قىلىپ، ھەممە مۇئامالارنى ھەل قىلالمايدىغان كۆللى ئەمەس، ئۇمۇمى پىكىر بولۇپ قېلىشى مۇمكىن. بىراق بۇنداق پەرئى يەنى جۇزئى ۋە كۆللى ئەمەس ئۇمۇمى پىكىرلەر پىكرى ئاساس بولۇشقا يارىمايدۇ. پەقەت كۆللى پىكىرلا پىكرى ئاساس بولۇشقا يارايدۇ. بىراق ئۇ كۆللى پىكىرنىڭ كۆللى ئىكەنلىكى توغرا ئىكەنلىكىنى بىلدۈرمەيدۇ. پەقەت پىكرى ئاساس ئىكەنلىكىنىلا بىلدۈرىدۇ. ئەمما بۇ پىكرى ئاساسنىڭ توغرىلىقىنى بىلدۈرىدىغان شەرت يەنى بۇ پىكرى ئاساسنى توغرا ئۆزگەرتىشكە ۋە توغرا ئويغىنىشقا يارىغىدەك پىكرى ئاساس قىلىدىغان ئامىل پەقەت تۆۋەندىكى ئىككىلى شەرتتۇر:

1) ئەقىلنى قانائەتلەندۈرۈشى.

2) پىترەتكە ماس كېلىشى.

## پىكرى ئاساسنىڭ ئەقىلنى قانائەتلەندۈرۈشى

بۇ شەرتتىن مەقسەت، پىكرى ئاساسنىڭ چوڭ تۈگۈنگە بېرىۋاتقان يېشىمى، ئەقىلغا قۇرۇلغان بولۇشى يەنى بۇ يېشىمغا ئەقلى يول بىلەن ئېرىشىلگەن ۋە ساغلام ئەقىل ھەرقانداق ۋاقىتتا ئۇنىڭ توغرىلىقىغا ئىشەنچ ھاسىل قىلالايدىغان بولۇش دېگەنلىكتۇر. بۇنداق بولۇش، يېشىمنىڭ ۋاقىئلىكىنى ئىدراك قىلىش ۋە ئۇنىڭ ماھىيىتىنى كۆرسەتكىلى بولۇش بىلەن ئەمەلگە ئاشىدۇ. بۇ شەرت تېپىلسا يېشىم ئەقىلنى قانائەتلەندۈرگۈچى يېشىم بولىدۇ. ئەمدى بۇ يېشىم ئىنسان پىترىتىگە يەنى تەبىئىتىگە ماس كەلسە توغرا يېشىم، ماس كەلمىسە خاتا يېشىم بولىدۇ.

ئەقىلغا قۇرۇلغان يېشىم بىتۈندىن ياسالغان ئۆينىڭ ئۇلىغا ئوخشاش پىششىق، پۇختا، كۈچلۈك، مۇستەھكەم بولۇپ، ئۇنىڭدا بىرەر دەز - يوچۇق بولمايدۇ. ئەگەر يېشىم ئەقىلغا قۇرۇلمىغان بولسا كونا ئۆينىڭ ئۇلىغا ئوخشاش مۇستەھكەم بولمىغانلىقى ئۈچۈن ئاستىغا ئاستا-ئاستا سۇلار سىزىپ كىرىدۇ-دە ئاخىر ئۆينى ۋەيران قىلىدۇ.

مانا شۇنىڭغا ئوخشاش چوڭ تۈگۈننىڭ يېشىمى يەنى پىكرى ئاساس ياكى ئەقلى ئەقىدە ھەرقانداق دەز-يوچۇقتىن، كەمچىلىكتىن خالى بولۇشى كېرەك. چۈنكى، ئۇنىڭدىكى دەز ياكى كەمچىلىك بىر كۈن ئەمەس - بىر كۈن ئۇنىڭ يېقىلىشىغا، بەربات بولۇشىغا ئېلىپ بېرىشى مۇقەررەر. قىسقىسى ئەقىلغا قۇرۇلغان ئاساس ئىكەنلىكىگىمۇ زىت كېلىدۇ. مەسىلەن، چوڭ تۈگۈننى ئۆز ئىچىگە ئالغان سوئاللاردىن بىرى بولغان ياراتقۇچى زات ھەققىدىكى سوئالغا جاۋاپ بەرگەندە «كائىنات، ئىنسان ۋە ھاياتنى ياراتقان زات



دەريادۇر» دەپ پەرەز قىلساق بۇنداق جاۋاپ ساغلام ئەقىلنى قانائەتلەندۈرەلمەيدۇ. چۈنكى، ئېنىق كۆرۈنۈپ تۇرۇپتۇكى ئىنسان دەريا ئېقىمىنى ئۆزگەرتىش ياكى ھەجمىنى كۆپەيتىش ياكى ئازايتىش ياكى يوق قىلىۋېتىش ئارقىلىق دەريا ۋاقىئلىكىنى ئۆزگەرتىۋېتەلەيدۇ. ئۆزىنى ھىمايە قىلىشقا ئاجىز كەلگەن زات ياراتقۇچى بولالامدۇ؟ ئۆزىدە يوق نەرسىنى بىرەرسىگە بەرگىلى بولماسلىق ئاددىي ھەقىقەتتۇر. دېمەك، ئۆزىنى ھىمايە قىلىشتىن ئاجىز كەلگەن دەريا - ھەقىقى ياراتقۇچىلىق سۈپىتى بولغان - باشقا نەرسىلەرنى يوقتىن بار قىلىشقا ئەلۋەتتە ئاجىز بولىدۇ. مانا شۇ سەۋەپتىن بۇنداق ئاساس يەنى كائىنات، ئىنسان ۋە ھاياتنىڭ ياراتقۇچىسى دەريا دېگەن ئاساس پۇچەككە چىقىدۇ ۋە بۇ مەسىلىگە بەرگەن يېشىمى خاتا بولغانلىقىدىن ئاساسىنىڭمۇ خاتالىقى ئىسپاتلىنىدۇ. شۇنىڭغا ئوخشاش دېڭىزلار، دەريالار، يۇلتۇزلار، بۇتلار ۋە تەبىئەت قاتارلىقلارنى ئىلاھ دەپ ئېتىقاد قىلىدىغان، ۋاقىسى يۇقىرىدىكى مىسالنىڭ ۋاقىسىغا ئوخشاپ كېتىدىغان يۈزلەپ پىكىر ۋە ئېتىقادلار پۇچەككە چىقىدۇ.

دېمەك، يېشىمنىڭ توغرا بولۇشى ئۈچۈن يېشىم يارقىن پىكىر قىلىش ئاساسىغا قۇرۇلغان بولۇشى يەنى چوڭ تۈگۈن ئۆز ئىچىگە ئالغان سوئاللارغا جاۋاپ بېرىشتە يارقىن پىكىر قىلىشنى ئىشقا سېلىشى لازىم.

چوڭ تۈگۈننى يارقىن پىكىر قىلىشنى ئىشقا سېلىپ يېشىش ئۈچۈن يارقىن پىكىر قىلىشنىڭ نېمەلىكىنى بىلىۋېلىشىمىز كېرەك. بىراق بۇنى بىلىش ئەقىل ۋاقىئلىكى ياكى پىكىر قىلىش ۋاقىئلىكى ۋە پىكىر قىلىش دەرىجىلىرىنى شۇجۈملىدىن يارقىن پىكىر قىلىش ۋاقىئلىكى قاتارلىقلارنى بىلىشىمىزنى تەلەپ قىلىدۇ.

ئەقىل ياكى پىكىر قىلىش دېگىنىمىز: - شەيئىلەرنىڭ

ۋاقىلىكى بىلەن شۇ شەيئىلەر ھەققىدە ئالدىن ئېلىنغان سابىق، مەلۇماتنى بىر-بىرىگە باغلاش ئارقىلىق شەيئىلەر ۋاقىلىكىگە ھۆكۈم چىقارغۇچى زېھنى جەريانىدۇر.

پىكىر قىلىشنىڭ يېگانە يولى ئەقلى يول بولۇپ، ئۇ يول تۆت رۆكنىغا ئاساسلىنىدۇ. شۇ تۆت رۆكنىنىڭ ھەممىسى تولۇق بولسىلا شەيئىلەرگە ھۆكۈم چىقارغىلى بولىدۇ. ئۇلاردىن بىرەرسى بولمىسا پىكىر قىلىش ۋە ۋاقىلىككە ھۆكۈم چىقارغىلى بولمايدۇ. بۇ تۆت رۆكنى تۆۋەندىكىلەر:

1. ۋاقىلىك .
2. ئىككىنچى ۋاقىلىكنى ھېس قىلىش.
3. ۋاقىلىك ھەققىدىكى سابىق مەلۇمات.
4. باغلاشقا يارامىلىق مېڭە

ئەمدى ئەقلى يولغا شۇنداق تەرىپ بېرىشكە بولىدۇ: ئەقلى يول دېگىنىمىز بەھسى يەنى تەكشۇرۇش ئېلىپ بېرىشتا قوللىنىلىدىغان مۇئەييەن ئۇسلۇپ بولۇپ، بەھسى ئېلىپ بېرىلىۋاتقان شەيئىنىڭ ھەقىقىتى شۇ ئۇسلۇپ ئارقىلىق بىلىۋېلىنىدۇ. بۇنىڭ جەريانى مۇنداق: - ۋاقىلىككە ھۆكۈم چىقىرىش ئۈچۈن ۋاقىلىكنى شەرھىلەپ چۈشەندۈرۈپ بېرىدىغان سابىق مەلۇماتنىڭ بولۇشى بىلەن بىرگە، سەزگۈ ئەزالار ۋاستىسى بىلەن سېزىلگەن ۋاقى مېڭىگە كۆچۈرۈلىدۇ ياكى يوللىنىلىدۇ، كېيىن مېڭە ۋاقىلىككە ھۆكۈم چىقىرىدۇ. چىقىرىلغان ھۆكۈم "پىكىر" دېيىلىدۇ. دېمەك، شەيئىلەر ۋاقىلىكىگە چىقىرىلغان ھۆكۈم پىكىر دېيىلىدۇ.

ئەقلى يول مەئىدەنلەر، يۇرۇقلۇق، ئىسسىقلىق قاتارلىقلارغا ئوخشاش ھېس قىلىنىدىغان ماددىلارنى بەھسى قىلىشتا ئىشلىتىلگەنگە ئوخشاش، پىكىرلەر، ئەقىدەلەر، قانۇنچىلىق قاتارلىقلارنى بەھسى قىلىشتىمۇ ئىشلىتىلىدۇ. بۇ ئەقلى يول



بىلىشنىڭ تەبىئى يولى بولۇپ، ئۇ يول ئارقىلىق شەيئىلەر ئىدراك قىلىنىدۇ. بىراق پىكىر قىلىشنىڭ يۈزەكى پىكىر قىلىش چوڭقۇر پىكىر قىلىش، يارقىن پىكىر قىلىش قاتارلىقلاردىن ئىبارەت ئۈچ خىل دەرىجىسى بار بولۇپ، بۇ ئۈچ خىل دەرىجىنى بىر ئاز ئايدىڭلاشتۇرۇپ ئۆتىمىز.

## پىكىر قىلىش دەرىجىلىرى

### A) يۈزەكى پىكىر قىلىش

بۇنداق پىكىر قىلىش شەيئىلەرنىڭ ئەتراپىنى، ئۇراپ تۇرغان شارائىتلارنى چۈشىنىشكە ئۇرۇنماي ياكى چوڭقۇر ئۆگەنمەي، پەقەتلا تاشقى كۆرۈنۈشلەرگە ياكى يۈزىگە قاراپلا ھۆكۈم چىقىرىشتۇر.

### B) چوڭقۇر پىكىر قىلىش.

بۇنداق پىكىر قىلىش يۈزەكى پىكىر قىلىشقا ئوخشاش شەيئىلەرنىڭ تاشقى كۆرۈنۈشىگە ياكى يۈزىگە نەزەر سېلىش بىلەنلا بولدى قىلماي، بەلكى ئۇلارنىڭ ۋاقىلىكىنى چۈشىنىشتە چوڭقۇر چۆكىدۇ. شۇ سەۋەپتىن ئۇ ماددىنىڭ نېمە ئىكەنلىكى ۋە نېمەدىن تەركىب تاپقانلىقى ھەققىدە بەھسى قىلىشقا يارايدۇ. لېكىن نەرسىلەرنىڭ ھەقىقىتىگە ھۆكۈم چىقىرىشقا يارىمايدۇ. چۈنكى، ئۇ چوڭقۇر پىكىر قىلىش شەيئىنىڭ شارائىتلىرىنى ياكى ئۇنى باشقا نەرسىلەرگە باغلاپ تۇرغان نازۇك ئالاقىلىرىنى چۈشۈنۈپ يېتىشكە مۇھتاج بولىدۇ. شۇ سەۋەپتىن چوڭقۇر پىكىر قىلىش ھېس

قىلغىلى بولمايدىغان يەنى سەزگۈ ئەزالىرىنىڭ تەھتىگە چۈشمەيدىغان ئىشلارغا ھۆكۈم چىقىرالمايدۇ.

C) يارقىن پىكىر قىلىش.

مانا شۇنداق پىكىر قىلىش چوڭ تۈگۈنگە يېشىم بېرىشكە كېپىل دۇر. چۈنكى، ئۇ يۇقىرىدىكى ئىككى خىل پىكىر قىلىشقا ئوخشاش شەيئىنىڭ تاشقى كۆرۈنۈشىگە ۋە ئۇنى چوڭقۇر ئۆگۈنۈشكىلا چەكلەنمەي، بەلكى تەكشۈرۈلىۋاتقان شەيئىنى ئوراپ تۇرغان شارائىتلارنىمۇ، بۇ شەيئىنى باشقا شەيئىلەرگە باغلاپ تۇرغان ئالاقىلىرىنىمۇ تەكشۈرۈپ ئۆگۈنۈشكە ئۆتىدۇ. كېيىن قەتئىي ھۆكۈمنى چىقىرىدۇ.

پىكىر قىلىش دەرىجىلىرى ئوتتۇرىسىدىكى پەرقنى ئايدىڭلاشتۇرۇش ئۈچۈن تۆۋەندىكى مىساللارنى كەلتۈرىمىز: مەسىلەن، ئۈچ كىشىدىن ھەربىر دەرەخنىڭ ۋاقلىقىغا ھۆكۈم چىقىرىشنى سورىساق، ئۇلارنىڭ بۇ دەرەخنىڭ ۋاقلىقىغا ھۆكۈم چىقىرىشتا تۇتقان يوللىرى تۆۋەندىكىچە بولىدۇ:

بىرىنچىسى؛ دەرەخكە نەزەر سېلىپ، مۆلەييەن شەكىلدىكى يوپۇرماقلىرىنى ۋە بىخلىرىنى ھەممە مېۋىلىرىنى كۆرۈپ، بۇ دەرەخ لىمون دەرىخى دەپ ھۆكۈم چىقىرىدۇ.

ئىككىنچىسى بولسا، يۈزەكى نەزەر سېلىپ قويماستىن، بەلكى لىمون مېۋىسىدىن بىردانە ۋە يوپۇرماقتىن بىرتال ئۈزۈپ ئېلىپ، ئۇلارنى تەكشۈرۈپ چىقىدۇ. شاخلىرىغا ۋە غوللىرىغا نەزەر سالىدۇ. دەرەخنى ئەتراپلىق ئۆگۈنىدۇ. توپلىغان مەلۇماتلىرى نەتىجىسىدە ئۇنىڭ ۋاقلىقىنى تامامەن ئېنىق قىلغاندىن كېيىن «بۇ لىمون دەرىخى» دەپ خۇلاسە چىقىرىدۇ.



ئۈچىنچىسى بولسا، ئۆزىدىن ئالدىنقى ئىككى كىشى قىلغان ئىشنى قىلىدۇ. بىراق ئۇ بۇنىڭغا قوشۇمچە قىلىپ، دەرەخنىڭ بۇ يەردە قانداق پەيدا بولغانلىقىنى ۋە قانداق ئۆسۈپ چىققانلىقىنىمۇ ئۆگۈنىدۇ. بۇنىڭدىن كېيىن «بۇ قەدەر كۆتۈرۈپ تۇرغان دەرەخ كىچىككىنە ئۇرۇقتىن كېلىپ چىققان» دېگەن نەتىجىگە كېلىدۇ ۋە بۇنىڭ بىلەن ئۇنىڭ تۇنجى ئۇرۇقى قايەردىن كېلىپ قالغانلىقى ھەققىدە باش قاتۇرىدۇ. كېيىن ئۇ يارقىن پىكىر قىلىش نەتىجىسىدە بۇ لىمون دەرىخى ئۆز ئىختىيارسىز مەجبۇرى ۋۇجۇتقا كەلگەنلىكىنى بىلىۋالىدۇ.

مانا شۇ مىسال بىلەن پىكىر قىلىشنىڭ ئۈچ دەرىجىسى ئايدىڭلاشقان بولسا كېرەك. بىرىنچىسى يۈزەكى پىكىر قىلىش بولۇپ، ئۇنداق پىكىر قىلغۇچى ئىنسان دەرەخنىڭ تاشقى كۆرۈنۈشىگە قاراپلا ھۆكۈم چىقىرىدۇ. بۇنداق پىكىر قىلىش پۈتۈن ئىنسانلارنىڭ پىكىر قىلىشى بولۇپ، سەزگۈ ئەزالىرى ياردىمىدە ۋاقلىقنى ھېس قىلىپ، شۇ ھېس قىلىش مېڭىگە يوللىنىدۇ ۋە مېڭىدىكى سابىق مەلۇماتلار بىلەن باغلىنىدۇ. بۇنىڭدا دەرەخنى ئوراپ تۇرغان شەرت-شارائىتلارنى ۋە ئۇنىڭغا باغلىق نەرسىلەرنى بىلىشكە ھەرىكەت قىلىنمايدۇ. بۇ ھالەت پۈتۈن ئاممىنىڭ ۋە تۆۋەن پىكىر قىلغۇچىلارنىڭ ھەممە ئوقۇمىغان ساۋاتسىز ئىنسانلارنىڭ پىكىر قىلىشلىرىدا كۆزگە كۆپ چېلىقىدۇ. بۇنداق يۈزەكى پىكىر قىلىش ئويغىنىشنىڭ ئالدىنى توسقانلىقى ۋە پاراۋان ياشاشقا ئىمكانىيەت بەرمىگەنلىكى ئۈچۈن خەلقلەر ۋە ئۇممەتلەرنىڭ بېشىغا چۈشكەن بالادۇر.

چوڭقۇر پىكىر قىلىش بولسا، يۇقىرىدىكى مىسالىمىزدا دېيىلگەندەك، دەرەخنى چوڭقۇرراق، ياخشىراق بىلىشكە ئۇرۇنۇشتا ۋە بىر قېتىم ھېس قىلىش بىلەنلا يەنى بىر قېتىم نەزەر سېلىش

ئىشلارنى بىجىرىشكە ئۈندەيدۇ. بۇ ئىشلارنىڭ بىجىرىلىشى نەتىجىسىدە بۇ كۈچ بىسىقىپ قالىدۇ ياكى تۈگەيدۇ. يەنى قورسىقى ئاچقاندا قورساقنى تويغۇزۇش بىلەنلا بۇ كۈچ بىسىقىدۇ، ئىنساننى ئاۋارە قىلمايدۇ.

بۇ كۈچلەر ئالامەتلىرى ۋە كۆرۈنۈشلىرىگە قاراپ ئىككى خىل بولىدۇ:

A) ئۆزۈۋى ئېھتىياجلار يەنى ئورگاننىڭ ئەزالارنىڭ ئېھتىياجلىرى.

بۇ ئېھتىياجلار «ئىنساندىن قەتئىي قاندۇرۇشنى تەلەپ قىلىدىغان ھاياتى كۈچلەر بولۇپ، ئەگەر قاندۇرۇلمىسا ئىنسان ئۆلىدۇ». بۇ ئېھتىياجلار يەپ-ئىچىش، ھاجەتخانىغا بېرىش ۋە دەم ئېلىش، ھەمدە ئۇخلاشقا ئوخشاش مۇھىم ھالەتلەرگە مۇھتاج بولىدىغان ئېھتىياجلاردۇر. بۇ ئېھتىياجلار ۋە ھالەتلەر مەلۇم مەزگىل ئىنسانغا تولۇقلاپ بېرىلمىسە ياكى ھازىرلاپ بېرىلمىسە، ئىنساننى ھالاكەتكە ئېلىپ بارىدۇ. ئۆزۈۋى ئېھتىياجلار ۋە مۇھىم ھالەتلەرنى قاندۇرۇشقا ئۈندۈگۈچى ئامىل كۆپۈنچە بەدەننىڭ ئىچكى قىسمىدا بولىدۇ. ئۆزۈۋى ئېھتىياجلار (ئەزالىق ئېھتىياج) دېگەن نام بىلەن ئاتىلىدۇ. چۈنكى، ھەربىر ئېھتىياج ياكى ھالەت تەن ئەزالىرىدىن بىر ياكى بىر نەچچە ئەزاغا كېرەك بولىدۇ. ئېھتىياجنىڭ كۆرۈنۈشى ياكى ئالامىتىگە قاراپ ئېھتىياجنىڭ بارلىقىنى بىلەلەيمىز. مەسىلەن، ئاچلىق - غىزالىنىشقا بولغان ئېھتىياجنىڭ كۆرۈنۈشىدۇر. ئۇسسۇزلۇق بولسا، ئىچىشكە بولغان ئېھتىياجنىڭ كۆرۈنۈشىدۇر. ئەسنەش يەنى ھۇگىدەش بولسا ئۇيقۇغا بولغان ئېھتىياجنىڭ ئالامىتى ۋە ھاكازا...



B) غەرىزىلەر (تۇيغۇلار)

غەرىزىلەرمۇ ھاياتى كۈچلەر بولۇپ، تەننىڭ ئىچكى قىسمىدا بار بولغان خاھىشلارنى قاندۇرۇش ئۈچۈن مۇئەييەن ئىشلارنى بىجىرىشكە ئىنساننى ئۈندەيدۇ. بىراق غەرىزىلەر بىلەن ئۆزۈۋى ئېھتىياجلار ئوتتۇرىسىدا بىر نەچچە پەرق بار.

1. ئۈندۈگۈچى ياكى قوزغاتقۇچى

ئۆزۈۋى ئېھتىياجنى قوزغاتقۇچى ئامىل كۆپۈنچە تەننىڭ ئىچكى قىسمىدا بولسا غەرىزىلەرنى قوزغاتقۇچى ئامىل دائىم تاشقىرىدا بولىدۇ. مەسىلەن، ئەر كىشى بىرەر ئايال كىشىنى ياكى ئۇنىڭ سۈرىتىنى كۆرۈش ياكى ئۇنىڭ سۈرىتىنى كۆز ئالدىغا كەلتۈرۈش ياكى بىرەر جىنسى كۆرۈنۈشنى خىيالىدىن ئۆتكۈزۈش قاتارلىقلارغا ئوخشاش سىرتقى قوزغاتقۇچى ئامىلنى كۆرگەندىلا نەۋئى غەرىزىسىدىكى جىنسى مايىللىق قوزغالغانلىقىنى سېزىدۇ. ئەگەر بۇنداق قوزغاتقۇچى ئامىل بولمىسا ئەركىشىدىكى غەرىزە قوزغالمايدۇ ۋە جىنسى مايىللىقنى ياكى جىنسى ھەۋەسكە ئىنتىلىشنى ھېس قىلمايدۇ. باشقا غەرىزىلەردىمۇ ئەھۋال دەل ئەنە شۇنداق. غەرىزىلەرگە ئالاقىدارلىق بولغان بارلىق يېشىم ۋە چارىلەر مانا شۇ چۈشەنچە بويىچە تۈزۈلىشى كېرەك.

2. قاندۇرۇش

ئۆزۈۋى ئېھتىياجنى چوقۇم قاندۇرۇش لازىم بولىدۇ. ئۇنى قاندۇرماسلىق ئىنساننى ھالاكەتكە ئېلىپ بارىدۇ. ئەمما غەرىزىنى

قاندۇرماسلىق سىچقانداق ۋاقىتتا ئىنسانىنى بىۋاسىتە ئۆلۈمگە ئېلىپ بارمايدۇ. پەقەت سىقىلىش ۋە بىئارام بولۇشقا ئېلىپ بارىدۇ.

3. ئېھتىياج ئورنى

كۆپۈنچە قاندۇرۇشقا مۇھتاج بولىۋاتقان تەن ئەزاسىنى بەلگىلىگىلى بولىدۇ. مەسىلەن، ئاچلىق ئاش قازاننىڭ ئېھتىياجى، ھاۋا ئۆپكىنىڭ ئېھتىياجى ۋە ھاكازا. . . غەرىزىلەردە بولسا بۇنى بەلگىلىگىلى بولمايدۇ. مەسىلەن، باشلىق بولۇشنى ياكى ئىگىلىك تىكلەشنى ياخشى كۆرۈش ياكى جىنسى مايىللىق پالانى تەن ئەزاسىنىڭ ئېھتىياجى دېگىلى بولمايدۇ ۋە ھاكازا. . .
غەرىزىلەر ۋە ئۇزۇۋى ئېھتىياجلارنى بىۋاسىتە سەزگۈ ئەزالار ياردىمىدە ھېس قىلغىلى بولمايدۇ. بىراق ئۇلارنىڭ بارلىقىنى كۆرۈنۈش ۋە ئالامەتلىرىدىن بىلىۋالغىلى بولىدۇ.
يۇقىرىدا ئېيتقىنىمىزدەك غەرىزە دېگەن ئىنسان ماھىيىتىنىڭ بىر قىسمىدۇر. دېمەك، ئىنسان مەلۇم بىر شەكىلدە تۈزۈلگەندۇر. ئۇنىڭ بۇ تۈزۈلۈشى بۇنداق غەرىزىلەرنىڭ بولۇشىنى قەتئى تەقەززا قىلىدۇ. يەنى بۇنداق شەكىلدە تۈزۈلگەنلىك سەۋەبىدىن ئۇنىڭدا بۇ غەرىزىلەر ئۆز - ئۆزىدىن پەيدا بولىدۇ. غەرىزە كۆرۈنۈشلىرىگە كەلسەك، ئۇلار ئەسلى كۈچ ئەمەس. بەلكى ئۇلار دەرەخ دېگەن يىلتىز ۋە شاخلاردىن ئىبارەت بولغانغا ئوخشاش غەرىزىلەرنىڭ شەخسىدۇر. شاخنى كېسىپ تاشلاش ياكى باشقىسىغا ئالماشتۇرغىلى بولىسىمۇ، لېكىن يىلتىزنى ئۆزگەرتىش مۇمكىن ئەمەس. چۈنكى بۇ يىلتىزنى ئۆزگەرتىش دېگەنلىك، دەرەخنى يوقىتىش دېمەكتۇر. شۇنىڭغا ئوخشاش غەرىزە يىلتىز بولسا، كۆرۈنۈشلىرى شاخلىرىدۇر. مەسىلەن، نەۋئى غەرىزىسىنىڭ كۆرۈنۈشلىرىدىن



بىرى باشقا جىنسقا مايىللىق بولۇپ، بۇ مايىللىق ئائىلە كىشىگە نىسبەتەن تۈرلۈك كۆرۈنۈشلەردە كۆرۈنىدۇ. ئەر ئائىلىگە شەھۋەت بىلەن مايىل بولىدۇ. ئانىسىغا نىسبەتەن ھۆرمەت بىلەن مايىل بولىدۇ. قىزىغا ياكى سىڭلىسىغا مېھرىبانلىق بىلەن مايىل بولىدۇ. شۇسەۋەپتىن بىر كۆرۈنۈشنىڭ ئورنىنى باشقا بىر كۆرۈنۈش بېسىۋېرىدۇ. غەرىزىنىڭ بىر كۆرۈنۈشى ئەمەلگە ئېشىپ، قالغان كۆرۈنۈشلىرى ئەمەلگە ئاشمىسىمۇ، غەرىزە قېنىۋېرىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن كۆپۈنچە ئانىنىڭ مېھرىبانلىقى ئائىلىنى ياخشى كۆرۈشتىن يىگىتنى بۇراپ كېتىدۇ ياكى ئائىلىنى ياخشى كۆرۈش ئانىسىنى ياخشى كۆرۈشتىن بۇراپ قويىدۇ. شۇنىڭغا ئوخشاش ھالەتلەردىمۇ غەرىزە قېنىۋېرىدۇ. ئەمما غەرىزىنى يوق قىلىۋېتىش ياكى ئۇنى قامال قىلىۋېلىش مۇمكىن ئەمەس. ئىنسانلاردا غەرىزىلەرنىڭ بىرەرسىنى كۈچى ھەرخىل بولىسىمۇ، بىراق بۇغەرىزىلەرنىڭ بىرەرسىنى يوقىتىپ قويغان ئىنسان ئەسلا يوقتۇر.
غەرىزىلەر ئۈچ تۈرلۈك بولۇپ ئۇلار تۆۋەندىكىلەردىن ئىبارەت:

1. بەقا (ياشاش ئۈچۈن كۈرەش قىلىش ) غەرىزىسى.

بۇ غەرىزە ئىنسان بىجىرىدىغان بىر قانچە ئىشلاردا نامايەن بولىدۇ. بۇ ئىشلارنى ئاڭلىق ياكى ئاڭسىزلىق بىلەن بىجىرىش نەتىجىسىدە ئىنسان راھەتلىنىدۇ ۋە ئالاھىدە شەخسى سۈپىتىدە ئۆزىنى ساقلاپ قالىدۇ. شۇڭلاشقا بىز ئىنساننى داۋاملىق مۈلۈككە ئىگە بولۇشقا ئىنتىلىۋاتقانلىقىنى، تەرەققى قىلماي بىرخىل ھالەتتە تۇرۇپ قېلىشنى خالىمايدىغانلىقىنى، ھەمىشە ئالغا ئىلگىرىلەشكە ھەرىكەت قىلىۋاتقانلىقىنى كۆرىمىز ۋە ھاكازا. . . بەقا

غەرىزىسىنىڭ ئەڭ مۇھىم كۆرۈنۈشلىرى: مۇلۇكدارلىقنى يەنى بايلىقنى ياخشى كۆرۈش، ھۆكۈمرانلىقنى ياكى رەھبەرلىكنى ياخشى كۆرۈش، تۆۋەنلىشىپ كېتىشتىن قورقۇش، شىجائەتلىك قەتئىي بولۇش قاتارلىقلاردۇر. مانا شۇ كۆرۈنۈشلارنىڭ ھەممىسى باقا غەرىزىسىنىڭ كۆرۈنۈشلىرى بولۇپ، ئاخىرقى ھېساپتا ئىنسان ئۆزىنى ئالاھىدە ئىنسان سۈپىتىدە ساقلاپ قېلىشنى مەقسەت قىلىدۇ.

2. نەۋئى (ئىنسان تۈرىنى ساقلاپ قېلىش) غەرىزىسى

بۇ غەرىزە ئىنساننى «ئىنسان جىنسىدىن» دېگەن سۈپەتتە ساقلاپ قېلىشقا يەنى ئىنسانىيەت تۈرىنى ساقلاپ قېلىشقا ئۈندەيدۇ. "جىنس" سۆزىدىن ئىنسانلارمۇ ھايۋانلارمۇ چۈشىنىلىسىمۇ، لېكىن بۇ غەرىزە ھايۋان جىنسىنى ئەمەس، پەقەت ئىنسان جىنسىنى ساقلاپ قېلىشقا ئىنساننى ئۈندەيدۇ. ئۇنىڭ مۇھىم كۆرۈنۈشلىرى: ئايال كىشىگە مايىللىق، بىچارىلەرگە ياردەم بېرىش، سۇغا چۈشۈپ كەتكەن كىشىنى قۇتقۇزۇش، مۇھتاجغا ياردەم بېرىش قاتارلىقلاردۇر. قىسقىچە قىلىپ ئېيتقاندا بۇ غەرىزە ئىنساننىڭ باشقا ئىنسانلارغا ئىنتىلىشىدە نامايەن بولىدۇ. نەۋئى غەرىزىسى بىلەن بەقا غەرىزىسى ئوتتۇرىسىدىكى پەرق: بەقا غەرىزىسى ئىنساننى ئۆزىنىلا ساقلاپ قېلىشقا ئۈندىسە، نەۋئى غەرىزىسى جىنسى، رەڭگى، دىنى، ۋەتەنى، مىللىتىدىن قەتئىينەزەر ئومۇمى شەكىلدە ئىنسانىيەت تۈرىنى ساقلاپ قېلىشقا ئۈندەيدۇ. مەسىلەن، ئىنسان دېڭىزغا چۆكۈپ كەتكەن بىر ئىنساننى قۇتقۇزۇش ئۈچۈن ئىككىلەنمەي ئۆزىنى سۇغا ئاتىدۇ. بۇنىڭدا ئۆزىگە كېلىدىغان بىرەر ماددىي پايدا ياكى زەرەر ھەققىدىمۇ، چۆكۈپ كەتكەن ئىنساننىڭ



دىنى، جىنسى، رەڭگى، مىللىتى ھەققىدىمۇ ئويلىمايدۇ. ئۇنى پەقەت قۇتقۇزۇشلا قىزىقتۇرىدۇ.

3. تەدەييۇن (دىندارلىق) غەرىزىسى

نامىدىن كۆرۈنۈپ تۇرۇپتۇكى، بۇ غەرىزە «كائىنات، ئىنسان ۋە ھايات ئۈستىدىن ھۆكۈمرانلىق قىلىۋاتقان كۈچ» دەپ ھېس قىلىنغان ۋۇجۇتنى «مۇقەددەس» دەپ بىلىش ئۈچۈن ھەربىر ئىنساندا مەۋجۇت بولغان تەبىئىي مايىللىقتا نامايەن بولىدۇ. بۇ مايىللىق ئىنسان ئۆزىنىڭ ئاجىزلىقىنى، يېتەرسىزلىكىنى، مانا بۇ كائىناتنى ۋە ئۇنىڭدىكى بارلىق نەرسىلەرنى تەرتىپكە سالغۇچى كۈچكە-بولغان مۇھتاجلىقىنى ھېس قىلىشتىن كېلىپ چىقىدۇ. بۇنىڭغا سەۋەپ ئىنسان بەقا غەرىزىسىنى قاندۇرۇشتىن قىسقىسى ئۆزىنى ساقلاپ قېلىشتىن ئاجىز كەلگەنلىكى نەتىجىسىدە ۋە نەۋئى غەرىزىسىنى قاندۇرۇشتىن قىسقىسى ئۆز نەۋئىنى ساقلاپ قېلىشتىن ئاجىز كەلگەنلىكى نەتىجىسىدە، باشقا تۇيغۇلىرى يەنى بويسۇنۇش، تەسلىم بولۇش تۇيغۇلىرى قوزغىلىدۇ. مەسىلەن، كۆپ ھەرىكەت قىلىپ رىزقىنى كۆپەيتەلمىگەندە ياكى ئېغىر كېسەللىكتىن شىپا تاپالمايۋاتقاندا ئۆزىنىڭ ئاجىزلىقىنى، قولىدا كۆپ ئىمكانىيەت يوقلىقىنى، ئۆزىگە ياردەم بېرىدىغان زاتقا مۇھتاجلىقىنى ھېس قىلىدۇ. ئاقىۋەتتە ئاللاھقا ئىلتىجا قىلىدۇ ياكى رەھبەرلەرنى ئالقىشلايدۇ ياكى كۈچلۈك ئىنساننى ھۆرمەت قىلىدۇ. ئاجىزلىق، يېتەرسىزلىك ۋە ئۆزىدىن باشقىغا مۇھتاجلىقنى ھېس قىلىشى شۇنىڭغا سەۋەپ بولىدۇ. "دىندارلىق (تەدەييۇن) نامايەن بولىدىغان كۆرۈنۈش-خالىق مۇدەببىر (ياراتقۇچى، تەرتىپكە سالغۇچى) دەپ ئىشىنىۋاتقان ياكى خالىق-مۇدەببىر دەپ تەسەۋۋۇر



www.uyghurkitap.com

قىلىنىۋاتقان نەرسىنى-ۋۇجۇدنى مۇقەددەسلەش -ئۇلۇغلاشدۇر. بەزىدە مۇقەددەس دەپ بىلىش ئۆزىنىڭ ھەقىقىي سۈرىتىدە نامايەن بولۇپ، نەتىجىدە ئىبادەت بولۇپ قالىدۇ. بەزىدە تۆۋەنراق سۈرەتتە نامايەن بولۇپ، ئۇلۇغلاش، ھۆرمەت قىلىش ئىززەت-ئىكرام كۆرسىتىش بولىدۇ".

مۇقەددەسلەش قەلب ئېھتىرامىنىڭ يۇقىرى چوققىسى بولۇپ، ئۇ قورقۇشتىن كېلىپ چىقمايدۇ، بەلكى دىندارلىقتىن كېلىپ چىقىدۇ. چۈنكى قورقۇشنىڭ كۆرۈنۈشى مۇقەددەسلەش ئەمەس، بەلكى خۇشامەت قىلىش، قېچىپ كېتىش ياكى ئۆزىنى مۇداپىئە قىلىشتۇر. بۇ ھالەتلەر مۇقەددەسلەش ماھىيىتىگە زىتتۇر. دېمەك، مۇقەددەسلەش قورقۇشنىڭ ئەمەس، بەلكى دىندارلىقنىڭ كۆرۈنۈشىدۇر. دىندارلىق ئالاھىدە مۇستەقىل غەرىزە بولۇپ بەقا غەرىزىسىدىن پۈتۈنلەي باشقىچىدۇر.

مانا بۇ غەرىزىلەرنىڭ ۋاقىلىكى بولۇپ، ئۇلار «ياشاش ئۈچۈن كۆرەش قىلىش تۇيغۇسى ياكى ئۆز نەۋىسىنى ساقلاپ قېلىش تۇيغۇسى ياكى تەبىئىي ئاجىزلىقنى ھېس قىلىش تۇيغۇسى» دىن ئىبارەت ئۈچلا ئاساستا ئىپادىلىنىدۇ. مانا شۇ تۇيغۇلاردىن يۇقىرىدىكى ئۈچ تەبىئىي ئاساسنىڭ كۆرۈنۈشلىرى بولغان ھەرىكەتلەر ۋە ئەمەللەر كېلىپ چىقىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن غەرىزىلەر پەقەتلا ئۈچ بولۇپ، ئۇنىڭدىن باشقا غەرىزىلەر مۇتلەق مەۋجۇت ئەمەس.

مانا بۇلار پىترەتنىڭ ۋاقىلىكىدۇر. چوڭ تۈگۈنىنىڭ يېشىمى بولغان پىكرىي ئاساس ياكى ئەقلىي ئەقىدە ياكى پىكرىي ئۇل ئىنسان پىترىتىگە ماس كېلىشى لازىم دېيىشىمىزدىكى مەقسەت «بۇ يېشىم (پىكرىي ئاساس) ئىنسان پىترىتىدىكى ئاجىزلىقنى ۋە خالىق - مۇدەببىرگە بولغان مۇھتاجلىقنى ئېتىراپ قىلىشى لازىم. باشقىچە ئىبارە بىلەن ئېيتقاندا، يېشىم دىندارلىق غەرىزىسىگە ماس كېلىشى



كېرەك» دېگەندىن ئىبارەتتۇر. بۇنداق بولىشىدىكى سەۋەپ يېشىمنىڭ دىندارلىقتىن ئىبارەت بۇ غەرىزىگە مۇۋاپىق بولىشى تەبىئىي يېشىمنىڭ باشقا غەرىزىلەرگە مۇۋاپىق كېلىشىگە ئېلىپ بارىدۇ. چۈنكى باشقا غەرىزىلەر ئۆز-ئۆزىدىن دىندارلىق غەرىزىسىگە باغلىنىدۇ. دېمەك، يېشىم دىندارلىق غەرىزىسىگە ماس بولسا، پىترەتكە ماس بولىدۇ ۋە يېشىمنىڭ توغرا ئىكەنلىكىگە دەلىل بولىدۇ. يېشىم دىندارلىق غەرىزىسىگە زىت كەلسە، پىترەتكىمۇ زىت كېلىدۇ ھەمدە پىكرىي ئاساسنىڭ ناتوغرا ئىكەنلىكىگە دەلىل بولىدۇ. دېمەك، يېشىم ئەگەر ئەقىلنى قانائەتلەندۈرۈپ دىندارلىق تۇيغۇسىنىمۇ ئېتىراپ قىلسا، توغرا يېشىم ۋە توغرا پىكرىي ئاساس بولىدۇ. ئىنسان قەلبىنى خاتىرجەملىككە تولدۇرىدۇ ۋە توغرا ئويغىنىشقا ئېلىپ بارىدۇ. ئەگەر ئۇنداق بولمىسا ئىنسان ھاياتىنى بەختسىز قىلىدىغان ناتوغرا ئاساس بولىدۇ. چۈنكى غەرىزىنى توغرا قاندۇرماسلىق يۇقىرىدا دېگىنىمىزدەك سىقىلىش، بىئاراملىق ۋە خاتىرجەم بولالماسلىققا ئېلىپ بارىدۇ.

چوڭ تۈگۈنىنى يارقىن پىكىر قىلىش ئارقىلىق توغرا يېشىش ھەققىدىكى بەھسكە كىرىشىشتىن بۇرۇن يۇقىرىدا ئۆتكەن پىكىرلەر ئەتراپىدا قوزغىلىشى مۇمكىن بولغان بەزى سوئاللارغا جاۋاپ بېرىپ ئۆتىشىمىز لازىم. بەزىلەر: «سىلەرنىڭ (يېشىم ئىنسان پىترىتىگە يەنى تەدەييۇن غەرىزىسىگە ماس كەلگەن بولىشى كېرەك) دېگەن شەرتىنى بەلگىلىشىڭلار يېشىمنى ئالدىن بەلگىلىگەنلىك ياكى ئەقەللىسى جاۋاپنىڭ قانداق بولىشىنى ئالدىن بەلگىلەش بولۇپ قالىدۇ. چۈنكى سىلەر ئەزەلدىنلا يارالغۇچىنىڭ بارلىقىغا ئىشىنىدىغان مۇسۇلمان ئىدىڭلار. ئەلۋەتتە سىلەر بۇنىڭ تەسىرىگە ئۇچرىغانسىلەر» دېيىشى مۇمكىن. بىز بۇ سوئالغا رەددىيە سۈپىتىدە: «بىز ئىنسان ۋاقىلىكىنى بارلىق تەرەپلىرىدىن

ئەتراپلىق چوڭقۇر ئۆگۈنۈپ چىققاندىن كېيىنلا، يېشىم ئىنسان پىترىتىگە ماس كېلىشى كېرەك دېگەن شەرتنى ئوتتۇرىغا قويدۇق» دەپ جاۋاپ بېرىمىز. دېمىسىمۇ، ئىنسان ۋاقىتلىكى ئېنىق كۆرۈنۈپ، سېزىلىپ تۇرىدىغان ۋۇجۇت بولۇپ ھەرقانداق ئەقىللىق كىشى ئۇ ۋاقىتلىكنى ئىدراك قىلالايدۇ.

مەسىلەن، بىز «سۈيى بار ئادەم ئۆزىنىڭ ئۇسسىغىنىنى ئېتىراپ قىلمىسا، سۇغا ئىنتايىن تەشنا بولۇپ كەتكەن كىشى ئۇنىڭ سۈيىنى ئىچىش مۇمكىن ئەمەس» دېسەك بۇ كېيىنكى يېشىمنى (جاۋاپنى) ئالدىن بەلگىلەپ بەرگەنلىك بولامدۇ؟ ياكى بۇ ۋاقىتلىكنى توغرا باھالاش بولامدۇ؟ ئۇنىڭ ئۈستىگە چوڭ-كىچىك تۇرغۇن نەسىللەرگە بېرىلگەن تۇرغۇن ئەقلى يېشىملەرنىڭ ئەقىللىرىنى قاپ-قارا قىلىۋاتقانلىقى ۋە ئىنسان قەلبى خاتىرجەم بولمىسىمۇ، ئۇلارغا سۈكۈت قىلىپ تۇرۇۋاتقانلىقى ئېنىق كۆرۈنۈپ تۇرمايۋېتىپتىمۇ؟ ئىنسان بۇ يېشىملەرنىڭ توغرا يېشىم ئىكەنلىكىگە قانائەتلەنمىسىمۇ ئۇلارغا بوي سۇنۇپ، جىم تۇرۇپتۇغۇ؟ شۇنىڭ ئۈچۈن بۇنداق ئىنسان ئۆز ھالىغا قويۇپ بېرىلسە تېزدىنلا بۇنداق يېشىملەردىن ۋاز كېچىدۇ ۋە باشقا يېشىملەرگە يۈزلىنىدۇ. ئىنساننىڭ ۋاقىتلىكى شۇنداق تۇرۇقلۇق بۇنداق ئىنساننىڭ ھاياتتا ياشاش ئۈچۈن تۇتۇپ ماڭغان يولىنىڭ مۇستەھكەم بولۇشىغا خاتىرجەم بولغىلى بولامدۇ؟ بۇنىڭ جاۋابى ئېنىق.

بۇنىڭدىن تاشقىرى دىندارلىق تۇيغۇسىنى ئىنكار قىلىش يەنى يېشىمنىڭ پىترىتىنى ئېتىراپ قىلماسلىقى گويا ئىنساننىڭ ھاۋاغا، سۇغا، غىزاغا بولغان ئېھتىياجىنى ئېتىراپ قىلماسلىققا ئوخشايدۇ. دېمەك، دىندارلىق تۇيغۇسى ئىنسان تەبىئىتىدە ئېنىق مەۋجۇت. يارىتقۇچىنى قانداق تەسەۋۋۇر قىلىشىدىن قەتئىينەزەر،



خالىق - مۇدەببىرنىڭ مەۋجۇد بولۇشى كېرەكلىكىگە بولغان ئېھتىياجىنى ھېس قىلمايدىغان ئىنسان دۇنيادا يوق.

ھەممىگە مەلۇمكى ئىنسان پەيدا بولغاندىن بېرى دائىم بىرەر نەرسىگە ئىبادەت قىلىپ ۋە سېغىنىپ كەلدى. بىرەر نەرسىگە سېغىنمىغان بىرەرمۇ دەۋرى ئۆتمىدى. دېمەك، ئىنسان يەرشارىدا ئاپىرىدە بولغاندىن بۇيان قانداقتۇر بىرەر نەرسىگە سېغىنىپ كەلدى. مەسىلەن، قۇياشقا، يۇلتۇزلارغا، ئوتقا، بۇتلارغا ئىبادەت قىلدى. ئەمەلدارلار خەلقلەرنى دىندارلىقنى تاشلاشقا مەجبۇر قىلسىمۇ، خەلقلەر زورلاۋاتقانلىققا قارىماي، دىننى تاشلاشتىن باش تارتتى. بۇ يولدا تۈرلۈك قىيىناشلار-ئازاپلارغا چىدىدى ۋە بەرداشلىق بەردى. بىرەر كۈچ ئىنساندىن دىندارلىقنى تارتىۋېلىشقا، يارىتقۇچى دەپ ئىشىنىۋاتقان زاتنى مۇقەددەسلىشىنى يوقۇتۇشقا قادىر بولالمىدى. گەرچە مەلۇم مەزگىل دىندارلىقنى دىۋالار (تاملار) ئارىسىغا، قەلبىنىڭ چوڭقۇر يېرىگە يوشۇرۇشقا ئىنساننى مەجبۇر قىلالىغان بولسىمۇ.

ئەمما كاپىرلىق ياكى خۇداسىزلىق ياكى ئىبادەتنى مەسخىرە قىلىشتىن ئىبارەت بەزى ئىنسانلاردا كۆرۈلىۋاتقان ھالەت مۇتلەق كاپىرلىقنى بىلدۈرمەيدۇ. يەنى پۈتۈنلەي ھېچنەرسىگە سېغىنمايدىغان پۈتۈنلەي كاپىر ئىكەنلىكىنى بىلدۈرمەيدۇ. بەلكى بۇ ھالەت دىندارلىق غەرىزىسىنى خاتا ياكى قائىدىسىز قاندۇرۇشتۇر. ھەقىقى يارىتقۇچىغا ئىبادەت قىلىشتىن قەھرىمانلار، ئۇلۇغلار ياكى تەبىئەت ۋە شۇنىڭغا ئوخشاش نەرسىلەرگە ئىبادەت قىلىشقا بۇرۇلۇپ كەتكەنلىكتۇر. بۇنداق ھالەت ئازدۇرۇش، قايمۇقتۇرۇش ۋە خاتا چۈشەندۈرۈش نەتىجىسىدە مەيدانغا كەلگەن. شۇ سەۋەبتىن ئىمانلىق بولۇشقا قارىغاندا كاپىر بولۇش قىيىنراقتۇر. چۈنكى كاپىرلىق ئىنساننى ئۆز تەبىئىتىدىن

بۇرۇۋېتىش دېمەكتۇر. بۇ بولسا، زور كۈچ سەرپ قىلىشقا مۇھتاج بولىدۇ.

شۇ سەۋەپتىن نۇرغۇنلىغان دەھرى ـ خۇداسىزلار ھەقىقەتنى كۆرسىتىپ بېرىلگەندىن كېيىن، كۆزلىرى ۋە ئەقىللىرىدىكى پەردىلەر يوقالغاندىن كېيىن، ياراتقۇچىنىڭ بارلىقىنى ئېنىق بىلگەندىن كېيىن دەرھال ئىماننى مەھكەم تۇتقانلىقىنى ھەمدە راھەت ۋە خاتىرجەملىكنى ھېس قىلغانلىقىنى، ئىمانلىرى ناھايىتى كۈچلۈك، مۇستەھكەم ئىكەنلىكىنى كۆرىمىز. چۈنكى بۇ ئىمان: ئەقىل ۋىجدانغا باغلانغان ۋە پىترەت پىكىر بىلەن ئۇچراشقان دەرىجىدە قەتئى ئېنىق ئىشىنىشكە ئېلىپ بارغۇچى ھېس قىلىشتىن كېلىپ چىققان، نەتىجىدە كۈچلۈك ئىمان بولغان.

ئەشبۇ ئۇزۇن كەپلەردىن كېيىن چوڭ تۈگۈننى يارقىن پىكىر قىلىش ئارقىلىق توغرا يېشىۋېلىش پەيتى كەلدى. بۇنى كېيىنكى پەسىلدە بايان قىلىمىز.

---



# 8- پەسىل

## چوڭ تۈگۈننى يارقىن پىكىر قىلىش ئارقىلىق يېشىش

ئەمدى ئەقىلنى قانائەتلەندۈرىدىغان، پىترەتكە ماس كېلىدىغان، يارقىن پىكىر قىلىشقا ئاساسلانغان ئەڭ توغرا يېشىمنى ئوتتۇرىغا قويىمىز. ئۇنىڭدا ھېچقانداق خاتا ۋە يالغان يوق دەپ ئىشىنىمىز. بۇنداق دەپ ئىشىنىشىمىزدىكى سەۋەپ: بۇ يېشىم چوڭ تۈگۈنگە يېشىم سۈپىتىدە بېرىلىۋاتقان ھەرقانداق يېشىمنىڭ توغرا ياكى ناتوغرىلىقىنى بەلگىلەپ بېرىدىغان ئۆلچەم بولغانلىقى ۋە ھەيران قالدۇرغان سوئاللارغا جاۋاپ بېرىدىغان ئەقىدىنى تەشكىل قىلغانلىقى ئۈچۈندۇر.

ئىلگىرى ئېيتىپ ئۆتكىنىمىزدەك چوڭ تۈگۈن ئىنساننىڭ كائىنات، ئىنسان ۋە ھايات ھەققىدىكى سوئاللىرىدۇر. چۈنكى ئىنسان ھاياتنى چۈشۈنۈپ شەيئىلەرنى ۋە ئىشلارنى پەرقلەندۈرۈشكە باشلىغاندىن تارتىپ سەزگۈ ئەزالىرى ھېس قىلىۋاتقان نەرسىلەرنىڭ ھەقىقىتى ھەققىدە ئۆز-ئۆزىدىن سوئال سوراشقا باشلايدۇ. دېمەك ئىنسان ئۆزىنىڭ ئەسلىدىكى يوقلۇق ھالىتىدىن بۇدۇنياغا قانداق كېلىپ قالغانلىقى ھەققىدە ئۆز-ئۆزىدىن سورايدۇ. ئۆزىنىڭ ئەتراپىدىكى جانلىق مەۋجۇداتلاردا كۆرىلىۋاتقان، جانسىز مەۋجۇداتلاردا كۆرىلىۋاتقان ھاياتنىڭ سىرى ھەققىدە ئۆز-ئۆزىدىن سورايدۇ. ئۆزى كۆرۈۋاتقان كائىناتنىڭ ھەقىقىتى ھەققىدە يەنى ئۇنىڭدىكى قۇياش، سەييارىلار، يۇلتۇزلار . . . ھەققىدە ۋە بۇلارنى

بولغان ئالاقىسىنى تەكشۈرۈپ كۆرسەك، تۈزۈم جىسىملارنىڭ بىر بۆلىكى ئەمەسلىكىنى كۆرىمىز. چۈنكى تۈزۈم (ھەرىكەت يۈنىلىشى ياكى ئايلىنىش ئوقى-ئوربىتىسى) بىر يول بولۇپ، جىسىم بۇ يولنى بويلاپ دائىمى رەۋىشتە ھەرىكەتلىنىدۇ. مەلۇمكى يول ھەيدۈگۈچى ياكى ئاپتوموبىلدىن پۈتۈنلەي باشقا نەرسىدۇر. بۇنىڭدىن تاشقىرى شەيئىلەرنىڭ بىر بۆلىكى ئۇنىڭ تەركىۋىدىكى نەرسىلەردىن بىرى ھېساپلىنىدۇ. ئەگەر جىسىمنىڭ تەركىۋىنى تەكشۈرۈپ كۆرسەك ئۇنىڭ بۆلەكلىرىدە ئىسمى تۈزۈم (تەرتىپ-قانۇن) دەپ ئاتىلىدىغان بىرەر بۆلەكنى كۆرمەيمىز. بۇنىڭ سەۋەبى شۇنداقكى، ھەرقانداق نەرسىگە ھۆكۈمرانلىق قىلىۋاتقان تۈزۈم شۇ نەرسىدىن پۈتۈنلەي باشقا نەرسە بولىدۇ. مەسىلەن، رادىئو ئاپپاراتىنىڭ خىزمىتىنى بەلگىلىگۈچى تۈزۈم رادىئودىن باشقا نەرسىدۇر. رادىئو ئاپپاراتىنى بىر قانچە بۆلەكلەرگە بۆلۈپ، تەھلىل قىلساق بۇ بۆلەكلەر ئارىسىدا، تەرتىپ تۈزۈم دېگەن بۆلەكنى ھەرگىزمۇ كۆرمەيمىز. بۇنىڭدىن تاشقىرى ئۆزىنىڭ بارچە بۆلەكلىرىگە ھۆكۈمرانلىق قىلىدىغان ۋە ئۇلارغا بويسۇنمايدىغان بىرەر نەرسىنى مەسىلەن ئىنسان جىسمىنى ئالساق، قول ئۇنىڭ بىر بۆلىكىدۇر. تەبىئىكى ئىنسان جىسمى قول ئۈستىدىن خالىغىنىچە ھۆكۈمرانلىق قىلىدۇ. كائىناتتىكى جىسىملارنىڭ تۈزۈم بىلەن ئايلىنىش ئوقى ياكى ھەرىكەت يۈنىلىشى بىلەن بولغان ئالاقىسىدا دەل بۇنىڭ ئەكسىنى كۆرىمىز. كائىناتتىكى جىسىملار تۈزۈمگە بويسۇنىدۇ. بۇنىڭ ئەكسى بولمايدۇ. بۇ بولسا تۈزۈم كائىناتتىكى جىسىملارنىڭ بىر بۆلىكى ئەمەسلىكىنى بىلدۈرىدۇ.

ئەمما تۈزۈم ياكى ھەرىكەت يۈنىلىشى ياكى ئايلىنىش ئوقى-ئوربىتىسى كائىناتتىكى جىسىملارنىڭ خۇسۇسىيەتلىرىدىن



بىر خۇسۇسىيىتى يەنى كائىناتتىكى جىسىملار ئۆز-ئۆزىنى تەرتىپكە سېلىش خۇسۇسىيىتىگە ئىگە ياكى تەرتىپلەشكە قادىر دېگەن ئېھتىماللىققا كەلسەك، كۆرۈنۈپ تۇرۇپتۇكى كائىناتتىكى جىسىملار بۇنداق خۇسۇسىيەتكە ئىگە ئەمەس. چۈنكى بىرەر نەرسىدە تەرتىپلەشكە قۇدرەت ياكى تەرتىپلەش خۇسۇسىيىتى بارلىقىنى ئىسپاتلىنىشى ئۈچۈن ئاشۇ نەرسە ھېچ بولمىغاندا بىر قېتىم بولسىمۇ تەرتىپلەش جەريانىنى بېجىرگەن بولۇشى كېرەك. مەسىلەن، ئىنساننى گەپ قىلغۇچى دەپ سۈپەتلەش ئۈچۈن ئۇ ھېچ بولمىغاندا بىر ئېغىز كەلىمە سۆز بولسىمۇ سۆزلىگەن بولۇشى كېرەك. ئۇنى كۈلگۈچى دەپ سۈپەتلەش ئۈچۈن ئۇ كەم بولغان بىر قېتىم بولسىمۇ كۈلگەن بولۇشى كېرەك. كائىناتتىكى جىسىم، بىرەر قېتىم ئۆزىنى - ئۆزى تەرتىپكە سالغانمۇ؟ ئۆز يۈنىلىشىنى ئۆزى بەلگىلىگەنمۇ؟ ئەلۋەتتە ئۇنداق قىلمىغان. چۈنكى ئىنسان كائىناتنى تونۇشقا باشلىغاندىن بېرى كائىناتتىكى بارلىق جىسىملار ئۆزگەرمەس بىر تەرتىپتە بىرخىل قەلىپلىق تۈزۈم ئاستىدا ھەرىكەت قىلىۋاتقانلىقىنى كۆرۈدۇ. بۇ بولسا كائىناتتىكى جىسىملارنىڭ ئۆزىدە تەرتىپلەش (جىسىم خۇسۇسىيىتى)يوقلىغىنى بەلكى ئۇنىڭغا مۇھتاج ئىكەنلىكىنى بىلدۈرىدۇ. چۈنكى بۇنداق خۇسۇسىيەت ئۆز-ئۆزىنى تەرتىپلەشتە يەنى بىر تۈزۈمنى (تەرتىپنى) باشقا تۈزۈمگە ئالماشتۇرۇشتا يەنى ئۆزگەرتىشتە نامايەن بولىدۇ.

بۇنىڭدىن تاشقىرى «خۇسۇسىيەت» دېگەن سۆزنىڭ مەنىسى ھەر بىر شەيئى ئۆزىدىن چىقىرىپ بېرىدىغان نەرسە دېگەنلىكتۇر. باشقىچە قىلىپ ئېيتقاندا خۇسۇسىيەت شەيئىنىڭ مۇئەييەن شەكىلدە تۈزۈلگەنلىكى ياكى مەۋجۇت بولغانلىقىدىن كېلىپ چىقىدىغان ھالەت دېگەنلىكتۇر. مەسىلەن، بىر پارچە تۆمۈر مەلۇم شەكىلگە

كەلتۈرۈلۈپ، چاقىلىپ ئىتتىكلەشتۈرۈلسە، كىشىنىڭ خۇسۇسىيىتىنى چىقىرىپ بېرىدۇ. نەتىجىدە بۇ تۆمۈر پارچىسى كەسكىلى بولىدىغان قانداقلىكى شەيئىنى يەنى پۇپۇرماق، گۆش ۋە ھاكازالارنى كېسىشكە قادىر بولۇپ قالىدۇ. پىچاقتىكى بۇ قۇدرەت پىچاقچان ئۇنىڭدىن ئايرىلمايدۇ. مۆجىزە سەۋەبىدىنلا ئۇنىڭدىن ئايرىلىشى مۇمكىن. يەنە بىر مىسال: ئىنساندا ۋاقىتلىق بىلەن سابىق مەلۇماتنى باغلاش ئۈچۈن يارايدىغان يارامىلىق مېڭە بولغانلىقتىن كېلىپ چىققان تەرتىپلەش خۇسۇسىيىتى بار. شۇنىڭ ئۈچۈن ئىنسان ئۆزىنىڭ ھاياتىدىكى تۈزۈملىرىنى قانۇنلىرىنى دائىم ئۆزگەرتىپ تۇرىدۇ. بىر ھالەتتە قېتىپ تۇرمايدۇ. تەرەققىي قىلغانسېرى تەرتىپلەشكە ۋە ئۆزگەرتىشكە بولغان ئېھتىياجى زور بولىدۇ. كائىناتتىكى ھەربىر جىسىم ئۆزى بويسۇنىۋاتقان تۈزۈمنى (تەرتىپنى) ھەرگىز قېتىم بولسىمۇ ئۆزگەرتكەنمۇ؟ ئەلۋەتتە بۇنداق ھادىسە بولمىغانلىقى ئېنىق. ئەگەر ھەرگىز قېتىم يۈز بەرگەن بولسىدى، بۇ مەسىلىدە تالاش-تارتىش قىلىپ ئولتۇرمىغان بولاتتۇق.

شۇنىڭدىن خۇلاسە قىلىمىزكى، كائىناتتىكى جىسىملارنىڭ قاتتىق رىئايە قىلىپ، ھەرىكەتلىنىدىغان تۈزۈمى ئۇنىڭ بىر بۆلىكىمۇ، خۇسۇسىيەتلىرىدىن بىر خۇسۇسىيىتىمۇ ئەمەس. بەلكى پۈتۈنلەي باشقا نەرسىدۇر. كائىنات جىسىملارنىڭ پىششىقلىقى بولغاچقا ۋە ئۇنىڭدىكى ھەربىر جىسىم ئۆزىنى ھەرىكەتلەندۈرىدىغان تۈزۈمگە مۇھتاج بولغاچقا پۈتۈن كائىنات ئۆزىدىن باشقىغا مۇھتاج بولىدۇ. چۈنكى باشقىغا مۇھتاج بولغۇچى شەيئىلەرنىڭ يىغىندىسى ئېنىقكى مۇھتاج. ئىنسانىڭ سەزگۈ ئەزالىرى سېزەلەيدىغان نەرسىلەر كائىنات، ئىنسان ۋە ھاياتقا چەكلىنىدىكەن ۋە بۇلار ئۆزىدىن باشقىغا مۇھتاجلىقى ئىسپاتلانغان ئىكەن ئۇنداقتا ئۇلارنىڭ



ھەممىسى مەخلۇق (يارىتىلغان) ئىكەنلىكى ئايان بولىدۇ. چۈنكى ئۆزىدىن باشقىغا مۇھتاج بولىۋاتقان نەرسە ياراتقۇچى بولالمايدۇ. ياراتقۇچى زات شەيئىلەرنى يوقتىن بار قىلغانلىقى ئۈچۈن ھېچنەرسىگە مۇھتاج بولمايدۇ. مانا شۇ سەۋەپتىن ياراتقۇچى زات كائىنات، ئىنسان ۋە ھاياتتىن ئىمكىسىنىڭ تاشقىرىدا بولىشى زۆرۈر. يەنى ياراتقۇچىنى كائىنات ئىنسان ۋە ھايات دائىرىسى ئىچىدە دەپ ھېساپلىماسلىق زۆرۈر.

بۇ ياراتقۇچى مەخلۇق (يارىتىلغۇچى) بولماسلىقى، ئەزەلى - باشلىنىش نۇقتىسى يوق بولىشى زۆرۈر. ئۇ ياراتقۇچى ئەگەر يارىتىلغۇچى بولغان بولسا ياراتقۇچى بولالماس ئىدى. چۈنكى ياراتقۇچى ياكى يارىتىلغۇچىلا مەۋجۇت بولۇپ بىرى ئىككىنچىسىدىن پۈتۈنلەي باشقىچە دۇر. ئەگەر ياراتقۇچىنىڭ باشلىنىش نۇقتىسى بولغان بولسا، ئەلۋەتتە ئۇ ياراتقۇچى ئۆزىنى ۋۇجۇتقا كەلتۈرگەن كىشىگە مۇھتاج بولۇپ قالاتتى. بۇ بولسا خاتادۇر. چۈنكى ياراتقۇچى ئەسلا باشقا نەرسىگە مۇھتاج ئەمەس. يۇقىرىدىكى مۇلاھىزىلەر كائىنات، ئىنسان ۋە ھاياتنىڭ ماھىيىتى ھەققىدىكى، ئۇلارنىڭ ئۆزىدىن ئالدىنقى ۋە كېيىنكى نەرسىلەرگە ئالاقىدارلىقى ھەققىدىكى سوئاللارغا يارقىن پىكىر قىلىشتىن كېيىن بېرىلگەن جاۋاپلاردۇر. بۇ مۇلاھىزىلاردىن مەخلۇقلاردا ئۆزىدىن باشقىغا مۇھتاجلىق سۈپىتى بارلىقىنى ئىسپاتلاش ئارقىلىق ياراتقۇچىنىڭ بارلىقى ئەقلى يول بىلەن ئىسپاتلاندى.

«بەزىلەر كائىناتتىكى شەيئىلەر كائىناتتىن تاشقىرىدىكى ۋۇجۇتقا مۇھتاج ئەمەس، بەلكى كائىناتتىكى ماددىلاردىن ئىبارەت شەيئىلەر بىرى يەنە بىرىگە مۇھتاج بولىدۇ. مەسىلەن: ئىنسان سۇغا مۇھتاج بولىدۇ. ئىنسانمۇ سۇمۇ ماددىدۇر. يەنى ماددا يەنە بىر ماددىغا مۇھتاج بولىدۇ. ماددىنىڭ ماددىغا مۇھتاج بولىشى

يارانقۇچىنىڭ بارلىقىنى بىلدۈرمەيدۇ» دېيىشى مۇمكىن.

بۇنىڭغا جاۋاپ شۇكى، ئىنسانمۇ، سۇمۇ ماددادۇر. ئىنسان سۇغا مۇھتاج بولسا، پەقەت سۇغىلا مۇھتاج ئەمەس، بەلكى مۇئەييەن تەرتىپ ئىچىدىكى ۋە مۇئەييەن مىقداردىكى سۇغا مۇھتاج بولىدۇ. ئەگەر بۇ مىقدار كۆپىيىپ ياكى ئازىيىپ كەتسە سۇ ئىستىمال قىلىشتىن كۈتۈلگەن پايدا ئىنسان ئۈچۈن ئەمەلگە ئاشمايدۇ. "ئەگەر ئىنسان ھەركۈنى بىر لىتىر سۇغا مۇھتاج" دەپ پەرەز قىلىنسا، ئەگەر ئۇنىڭغا ھەركۈنى ئىككى لىتىر ياكى يېرىم لىتىر سۇ بېرىپ تۇرۇلسا، بۇ مىقداردىكى سۇ ئۇنىڭغا زەرەر كەلتۈرىدۇ. كۆپ ھاللاردا ئاستا-ئاستا ئۆلۈمگە ئېلىپ بارىدۇ. شۇنىڭغا ئوخشاش سۇ قايىنىشى ئۈچۈن پەقەت ئىنىرگىيەگىلا ياكى شارائىتقىلا مۇھتاج ئەمەس بەلكى مۇئەييەن شارائىتقا ۋە مۇئەييەن نىسبەتتىكى ئىنىرگىيەگە مۇھتاج بولىدۇ. دېمەك سۇ مۇئەييەن شارائىتتا ۋە مۇئەييەن نىسبەتتىك ئىنىرگىيەدە قايىنايدۇ. يەنى سۇ ئىنىرگىيە بىلەن ھاۋا بېسىمى ئوتتۇرىسىدىكى نىسبەت 100 بىلەن 76 نىڭ نىسبىتىگە تەڭ بولغاندىلا قايىنايدۇ. ئەگەر بۇ نىسبەت ئۆزگەرسە تەلەپ قىلىنغان قايناش مەيدانغا كەلمەيدۇ. بۇ ئىككى مىسالدىكى ۋە شۇنىڭغا ئوخشاش سەزگۈ ئەزالار ھېس قىلىدىغان شەيئىلەردىكى نىسبەت ياكى تۈزۈم - قانۇنىيەت قايەردىن كېلىپ قالدى؟؟؟

ئىنىقكى بۇ نىسبەت ياكى تۈزۈم سۇ تەرىپىدىن كېلىپ بەلگىلىنىپ قالمىغان. شۇنداق بولسا ئىدى سۇ ئۆزى خالىغان دەرىجىدىكى ھەرقانداق ھارارەتتە قايىنىۋالاتتى. مىلىڭ كۆپلۈق سۇ ئامبىرى بىر دانە شامنىڭ ھارارىتى بىلەن پارغا ئايلىنىشقا قادىر بولغان بولاتتى. شۇنىڭدەك بۇ نىسبەت ياكى تۈزۈم (تەرتىپ) ئىنسان تەرىپىدىنمۇ بەلگىلەنمىگەن. ئەگەر ئىنسان ئۆز



بەلگىلىيەلەيدىغان بولسا ئىدى، ئۆز خاھىشى ۋە خالىغىنىچە ئۇنى ئۆزگەرتكەن بولاتتى. مانا شۇنىڭدىن "بىر ماددىنىڭ باشقا بىر ماددىغا مۇھتاج بولىشى پەقەت مۇھتاج بولۇشلا ئەمەس، بەلكى ماددىنىڭ باشقا بىر ماددىغا مۇھتاج بولىشى ماددا ئۈستىدىن مەجبۇرەن بەلگىلەنگەن مۇئەييەن تۈزۈم-قانۇنىيەت ئاساسىدا مۇھتاج بولىدىغانلىقىنى بىلىۋالىمىز" دېمەك، بۇ تۈزۈم ماددىنىڭ ئۆزى تەرىپىدىن بەلگىلەنمىگەن. كائىناتتىكى ھەربىر شەيئى ماددا بولسىمۇ، بىراق تۈزۈملەر (قانۇنلار) ماددىنىڭ بىر بۆلىكىمۇ، ئۇنىڭ بىر خۇسۇسىيىتىمۇ ئەمەس.

يۇقىرىدىكى خۇلاسىلارنىڭ ناھايىتى ئېنىق ئىكەنلىكىگە قارىماي، بەزىلەر تەپسىلى، ئېنىق- ئۈچۈق پاكىتنى خالىمايدۇ ۋە ئىشنى چىگىكلەشتۈرىدۇ. بۇنداق كىشىلەر قانۇنلار ۋە نىسبەتلەرنىڭ ياكى تۈزۈملەرنىڭ مەنبەسى پەقەت كائىناتتىكى جىسىملارنىڭ ئۆز-ئارا بىرىكىشتۇر دەپ ئويلاپ، ھەربىر ماددا باشقا ماددىغا مۇئەييەن بىر تۈزۈم بويىچە مۇھتاج بولىدۇ. بىراق بۇ تۈزۈم (تەرتىپ) شەيئىلەرنىڭ ئۆز - ئارا بىرىكىشىدىن ياكى بىرلىكتە مەۋجۇت بولىشىدىن پەيدا بولغان دەيدۇ. بۇ كىشىلەر بۇ ھالەتنى «كائىناتتىكى جىسىملارنىڭ ئۆز-ئارا بىرىكىشى» دەپ ئاتايدۇ. بۇ بىرىكىش ھەممە نەرسىدىن بىھاجەت، ئۇ ھېچنەرسىگە مۇھتاج ئەمەس دەپ ئويلايدۇ.

ئۇلارغا رەددىيە سۈپىتىدە ئېيتىمىزكى:

1) ئەقلى بەھسى ۋاقىلىك ياكى ۋاقىلىكى بار يەنى ئۆزىنى ياكى ئالامىتىنى ھېس قىلغىلى بولىدىغان نەرسىلەر ئۈستىدىلا بولىدۇ. خىياللار، پەرەزلەر، فانتازىيەلەر ئۈستىدە قىلىنىۋاتقان بەھسى ئەقلى بەھسى بولمايدۇ. بەلكى ھېچقانداق قىممىتى يوق خىيالى بەھسى بولىدۇ. «ھېس قىلىنىدىغان شەيئىلەردىن پۈتۈنلەي

باشقا شەيئى بارلىقى ھەققىدە يەنى كائىناتتىكى شەيئىلەرنىڭ ئۆز-ئارا بىرىكىشى ھەققىدە دېيىلگەن يۇقىرىدىكى كىشىلەرنىڭ گەپلىرىمۇ خىيالى پەرەزدىن باشقا نەرسە ئەمەسدۇر. چۈنكى كائىناتتا بار بولغان شەيئىلەرنىڭ ئۆز-ئارا بىرىكىشى (جەملىنىشى) پەقەت شەيئىلەرنىڭ بىرىكىشى دۇر. شەيئىلەرنىڭ ئۆز-ئارا بىرىكىشى ئەسلىدىكى ئۆزىگە خاس خۇسۇسىيەتلىرىدىن پەرق قىلىدىغان يېڭى خۇسۇسىيەتلەرگە ئىگە، بىرەر يېڭى نەرسىنى پەيدا قىلالمايدۇ. سەزگۈ ئەزالار ھېس قىلىدىغان ھەربىر نەرسە ئۆزىدىن باشقىغا مۇھتاج ئىكەنلىكى ئىسپاتلانغان ئىكەن، ئۇنداقتا كائىناتتىكى ھەربىر نەرسە غەيرىگە مۇھتاج بولىدۇ. دېمەك پۈتۈن كائىنات ئۆزىدىن باشقىغا مۇھتاجدۇر.

2) ئېتىۋارغا ئېلىنىدىغان بىرىكىش شەيئىلەرنىڭ ئۆزىدە بار بولغان ئەسلى خۇسۇسىيەتلىرىنى بىكار قىلالايدىغان بىرىكىشتۇر. بۇ ھالەت خۇددى كۆيدۈرگۈچى ناترى بىلەن زەھەرلىك خىلورنىڭ خىمىيىلىك بىرىكىشى ياكى رېئاكسىيەگە كىرىشىشى نەتىجىسىدە كۆيدۈرمەيدىغان ۋە زەھەرلىك بولمىغان، بەلكى ئورگانىزمغا پايدىلىق بولغان ئاش تۇزى ھاسىل بولۇشىدا يۈز بەرگىنىگە ئوخشاش. كائىناتتىكى شەيئىلەر ئۆزلىرىنىڭ ئەسلىدىكى خۇسۇسىيەتلىرىنى يوقۇتۇپ، ئۆز-ئارا بىرىكىشىدىن ھاسىل بولغانمۇ؟ ھېچنەرسىگە مۇھتاج بولمىغان يېڭى شەيئى قايەردە؟

ئەگەر ناترى ۋە خىلور كۆيدۈرۈش ۋە زەھەرلەشتىن ئىبارەت ئۆزلىرىنىڭ ئەسلىدىكى خۇسۇسىيەتلىرىنى يوقاتقان بولسا، شۇ شەيئىنىڭ ئۆزى كائىناتتىكى شەيئىلەرنىڭ بىرىكىشى بىلەن ھاسىل بولغانمۇ؟ ئۇلار «چەكلىك» دەپ سانالامدۇ؟ ؟ ؟ نېمە ئۈچۈن ناترى خىلور بىلەن بىرىكىپ تۇز ھاسىل قىلىدۇ باشقا نەرسىلەر بىلەنمۇ بىرىكىپ تۇز ھاسىل قىلالمايدۇ؟ بۇ ھالەت ئۇنىڭ چەكلىمە



ئىكەنلىكىنى بىلدۈرمەمدۇ؟ شۇ مۇلاھىزىلەر، ئارقىلىق «كائىناتتىكى شەيئىلەرنىڭ ئۆز-ئارا بىرىكىشى ھەممىدىن بىھاجەت ھېچنەرسىگە مۇھتاج ئەمەس» دېگەن گەپنىڭ خاتالىقىنى ئايدىڭلاشتىدۇ. چۈنكى ئۇ مەۋجۇت شەيئى ھەققىدە ئەمەس، خىيالى شەيئى ھەققىدە گەپ قىلغانلىقىدۇر. ھۆكۈم خىيالىي نەرسىگە ئەمەس، بەلكى پەقەت مەۋجۇت نەرسىگە چىقىرىلىدۇ. «كائىناتتىكى شەيئىلەر قانداقتۇر ئۆز-ئارا بىرىكىپ ھاسىل بولغان» دېگەن ھېكايە توقۇلما ئەپسانە ھېكايەدۇر. دېمەك، ھەرقانداق شەيئىنىڭ ئۆزىدىن باشقىغا مۇھتاجلىقى يارىتقۇچى بارلىقىنىڭ دەلىلىدۇر.

ئىنسان چەكلىكتۇر. چۈنكى ئۇ ھەربىر نەرسىدە مۇئەييەن چېگرىنىچە ئۆسىدۇ. ئۇنىڭدىن نېرىسىغا ئەسلا ئۆتەلمەيدۇ. بىر پارچە ئالتۇن بارلىق ئالتۇننى، بىر تامچە سۇ بارلىق سۇنى ئىپادىلەپ بەرگىنىگە ئوخشاش ھەربىر شەخس ئاساسى سۈپەتلەر جەھەتتىن بارلىق ئىنسانىيەتنى ئىپادىلەيدۇ. ھەربىر ئىنسان چەكلىك بولغانلىقى ئۈچۈن ئىنسان جىنسى يەنى بارلىق ئىنسانىيەت چەكلىك بولىدۇ. يەنى باشلىنىش ۋە ئاخىرلىشىش نۇقتىسى بولىدۇ. ئىنسان ھەتتا شۇنداق نەكۈپەت بىلەن سۈپەتلەنگەنلىكى ئۈچۈن ئېنىقدۇر. چۈنكى ئۇ بۈيۈكلىكى، ياكى ئۆمرىنى ياكى باشقا بىرەر نەرسىسىنى زىيادە قىلىشقا ئاجىز كېلىدۇ. ئۇ يېڭى نەرسىنى يارىتالماس. چۈنكى ئۇنىڭغا نوغۇن نەرسىلەر يېتىشمەيدۇ. بۇ نەرسىلەرنى ئۇ ئۆزى يالغۇز ھاسىل قىلىشقا قادىر بولالمايدۇ. ئۇ مۇھتاجدۇر. سۇغا، ھاۋاغا، ئوزۇقلۇققا مۇھتاج. ئۇ چەكلىكتۇر. چۈنكى ئۇنىڭ باشلىنىش نۇقتىسى (تۇغۇلغان كۈنى) ۋە توگىش نۇقتىسى (ۋاپات بولىدىغان كۈنى) بار. ھەربىر ئىنسان بارلىق ئىنسانىيەتنى ئىپادىلەيدۇ. ئۇنداقتا بارلىق ئىنسانىيەت ئۆلىدۇ. بۇنىڭدىن كېلىپ چىقىدۇكى، بارلىق ئىنسان چەكلىك، يەنى مەخلۇقتۇر. چۈنكى

ئاجىز، ناقىس ۋە ئۆزىدىن باشقىغا مۇھتاج نەرسە ياراتقۇچى-خالىق بولالمايدۇ. دېمەك، ياراتقۇچى چەكلىك ئەمەس. ئەگەر چەكلىك بولغان بولسا ياراتقۇچى بولماستىن مەخلۇق بولۇپ قالاتتى.

شۇنىڭدەك كائىناتمۇ چەكلىكتۇر. چۈنكى ئۇ جىسىملار يىغىندىسىدىن تۈزۈلگەندۇر. ئۇنىڭدىكى ھەربىر جىسىمنىڭ باشلىنىش ۋە ئاخىرلىشىش نۇقتىسى بار. چەكلىك نەرسىلەرنىڭ يىغىندىسىمۇ تەبىئىكى چەكلىك بولىدۇ. دېمەك، كائىنات چەكلىك يەنى مەخلۇقتۇر.

بۇ ئورۇندا «چەكلىك» دېگەن سۆز بىلەن «ساناقلىق» سۆزىنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى پەرقنى ئايرىتۋېلىش لازىم. قانداق ۋاقىت ياكى ئورۇن بولىشىدىن قەتئىينەزەر باشلىنىشى ۋە ئاخىرلىشىش نۇقتىسى بار شەيئىلەرگە «چەكلىك» سۆزى قوللىنىلىدۇ، ساناش مۇمكىن بولغان شەيئىلەرگە «ساناقلىق» سۆزى قوللىنىلىدۇ. مەسىلەن، چۆلدىكى چوڭ بىر قۇم دۆۋىسىنى ساناش قىيىن بولسىمۇ، بىراق ئۇنىڭ بېشى ۋە ئاخىرى بولغانلىقى ئۈچۈن چەكلىك ۋە مەخلۇق بولىدۇ. شۇنىڭدەك كائىناتنىڭ سەزگۈ ئەزالار ئاسانلىق بىلەن ھېس قىلالمايدىغان دەرىجىدە سىرلىق، سوزۇلمىس كەتكەنلىكى ئۇنىڭ چەكسىز ئىكەنلىكىنى بىلدۈرمەيدۇ، بەلكى ئۇنىڭ جىسىملىرى ۋە بۆلەكلىرىدە چەكلىك ئالامەتلىرى كۆرۈلگەنلىكى ئۈچۈن كائىناتنىڭ چەكلىك ئىكەنلىكى ۋە مەخلۇقلۇقى مەلۇم بولىدۇ.

ئەمما ھايات بولسا كۆرۈنۈپ تۇرۇپتۇكى شەخسنىڭ باشلىنىشى ئاشۇ شەخستە ئاخىرلىشىدۇ. دېمەك ئۇ ھايات چەكلىك بولىدۇ. ھايات كۆرۈنۈشى ھەربىر شەخستە ئايرىم-ئايرىم بولغانلىقى ئۈچۈن بىر شەخسنىڭ ھاياتى بارلىق ھاياتنى ئىپادىلەيدۇ. بۇنىڭدىن بارلىق تىرىك مەۋجۇداتلاردىكى ھاياتلىقنىڭ تۈگەيدىغانلىقى كېلىپ



چىقىدۇ. دېمەك ھايات چەكلىك يەنى مەخلۇقتۇر.

ئىنساننىڭ سەزگۈ ئەزالىرى ھېس قىلىۋاتقان كائىنات، ئىنسان ۋە ھايات چەكلىك بولغانلىقى ئۈچۈن مەخلۇقتۇر. دېمەك ئىنسان، كائىنات ۋە ھاياتنى ياراتقان بىر ياراتقۇچى بار. ئۇ بۇ نەرسىلەردىن تامامەن باشقا زاتتۇر. ئۇ چەكلىك ۋە مۇھتاجلىق سۈپەتلىرىدىن خالىيدۇر.

مانا شۇنداق قىلىپ يارقىن پىكىر قىلىش ئارقىلىق ئىنسان، ھايات ۋە كائىناتنى ياراتقان ياراتقۇچىنىڭ بارلىقىنى بىلىشكە يېتىپ بارىدۇ. مانا شۇ چوڭ تۈگۈننىڭ يېشىمى بولۇپ، ئۇ توغرا ئويغىنىشقا ئېلىپ بارغۇچى توغرا يېشىمدۇر. چۈنكى ئۇ توغرا ئاساسقا قۇرۇلغان بولۇپ، ئەقىلگە ئاساسلانغانلىقى ئۈچۈن ئەقىلنى قانائەتلەندۈرىدۇ ھەمدە ياراتقۇچى زات ئاللاھنىڭ بارلىقىنى ۋە دىندارلىق غەرىزىسىنى ئېتىراپ قىلغانلىقى ئۈچۈن پىترەتكە ماس كېلىدۇ.

چوڭ تۈگۈنگە بېرىلىۋاتقان يېشىملەر مانا شۇنداق يوسۇندا ئۈگۈنىلىدۇ ۋە بۇ يېشىملەر قۇرۇلغان ئاساسنىڭ توغرا ياكى ناتوغرىلىقى ھەمدە ئويغىنىشنى پەيدا قىلىش ئىمكانىيىتى بارلىقى ياكى يوقلىقى شۇ يوسۇندا ئايدىڭلىق بىلىۋېلىنىدۇ. يارقىن پىكىر قىلىشقا ئاساسلانغان بۇ توغرا يېشىمگە مۇۋاپىق كېلىدىغان يېشىم توغرا پىكرىي ئاساس ياكى توغرا ئەقلى ئەقىدىگە ئىگە بولغان توغرا يېشىم بولىدۇ. ئەگەر مۇۋاپىق كەلمىسە ھېچقانداق قىممىتى يوق، ناتوغرا، يارامسىز يېشىم بولىدۇ. مانا شۇنىڭ بىلەن بۇ پەسلىمىز ئاخىرلىشىدۇ.

ئەمدى - ئاللاھ خالىسا - كېيىنكى پەسىللەردە بىزنى كۆزلىگەن ئويغىنىشقا ئېلىپ بارغۇچى توغرا يېشىمنى تاللىۋېلىشىمىز ئۈچۈن چوڭ تۈگۈنگە بېرىلگەن يېشىملەرنى ئوتتۇرىغا قويىمىز.

## 9 ـ پەسىل

# پەرئى يېشىملەر ۋە ئەقلى بولمىغان يېشىملەر.

بىز ئىلگىرى، «ئىنساننىڭ ھازىرقى ۋاقىلىكىنى تۆۋەن، بۇزۇق ۋاقىلىكتىن يۇكسەك، توغرا ۋاقىلىككە ئۆزگەرتىش ئۈچۈن ئالدى بىلەن ئىنساننىڭ ياشاش يولىنى ئۆزگەرتىشىمىز كېرەك. ئۇنىڭ ياشاش يولىنى ،ئۆزگەرتىش ئۈچۈن ئۇنىڭ پىكىرلىرىنى ۋە چۈشەنچىلىرىنى پىكرى بۇرانلار ۋە ماددى قىيىنچىلىقلار ئالدىدا قىلچە تەۋرىنىپ كەتمەيدىغان دەرىجىدە پۇختا، مۇستەھكەم، كۈچلۈك قىلىپ ئۆزگەرتىشىمىز كېرەك» دەپ ئېيتىپ ئۆتكەن ئىدۇق. ئۆزگەرتىشكە ئاساس بولىدىغان پىكرى ئاساس ياكى پىكرى ئۇل ياكى ئەقلى ئەقىدىنى ۋۇجۇتقا كەلتۈرۈش بىلەنلا بۇنداق ئۆزگەرتىشنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشقا بولىدىغانلىقىنىمۇ ئىلگىرى ئېيتىپ ئۆتكەن ئىدۇق. پىكرى ئاساسنىڭ توغرا بولىشى چوڭ تۈگۈنگە بېرىلگەن يېشىمنىڭ ئەقىلنى قانائەتلەندۈرىدىغان ۋە پىترەتكە ماس كېلىدىغان يېشىم بولىشىغىلا باغلىق ئىكەنلىكىنىمۇ ئېيتىپ ئۆتكەن ئىدۇق. شۇنىڭدەك يېشىمنىڭ ئەقىلنى قانداق قانائەتلەندۈرۈشنى ۋە پىترەتكە قانداق ماس كېلىشىنىمۇ شەرھىلەپ ئۆتتۇق.

ئەمدى بىز ئويغىنىش مەقسىتىدىكى ئوتتۇرىغا قويۇلغان ئۆزگەرتىش ئىشى ئاساسلىنىدىغان پىكرىي ئاساس ياكى پىكرى ئۇل بولىشقا يارايدىغان يېشىمنى، بىلىۋېلىش ئۈچۈن ۋە توغرا شەرتلەرگە

ئاساسلانغان توغرا يېشىمنى تاللىۋېلىش ئۈچۈن ۋە كېيىن بۇ توغرا ئويغىنىشقا ئېرىشىش مەقسىتىدە بۇ يېشىمنى مەھكەم تۇتۇپ، ئۇنى هايات مەيدانىدا ۋۇجۇتقا كەلتۈرۈشكە ھەرىكەت قىلىش ئۈچۈن ئۆزگەرتىش ۋە ئويغىنىش ھەققىدە ئوتتۇرىغا قويۇلغان يېشىملارنى ئۆگىنىپ چىقىشىمىز كېرەك.

ئاشۇ مەقسەت ئۈچۈن يەنى ئويغىنىش مەقسىتىدىكى ئۆزگەرتىش ئۈچۈن ئوتتۇرىغا قويۇلغان يېشىملارنى تەكشۈرۈپ چىقساق ئۇلار ئاساسەن ئىككى خىل ئىكەنلىكىنى كۆرىمىز:

1. ئاساس بولمىغانلىقى ئۈچۈن ياكى ئەقلى بولمىغانلىقى ئۈچۈن ئويغىنىشقا يارىمايدىغان يېشىملار ۋە پىكىرلەر. ئۇلارنى چەتكە چۆرۈپ تاشلاش ئۈچۈن ئۆگىنىمىز.

2. ئەقلى ئەقىدە ۋە پىكرى ئاساس بولغانلىقى ئۈچۈن ئويغىنىشقا يارايدىغان يېشىملار ۋە ئەقلى پىكىرلەر. ئۇلارنى توغرىسىنى تاللىۋېلىش ئۈچۈن ئۆگىنىمىز.

بۇ پەسىلدە بىرىنچى خىلدىكى يېشىملەرنى ئۆگىنىمىز. ئىككىنچى خىلدىكى يېشىملەرنى كېيىنكى پەسىللەرگە قالدۇرىمىز.

بىرىنچى خىلدىكى يېشىملار ئىككى خىلغا بۆلىنىدۇ:

1. كۆللى بولمىغان پەرئى پىكىرلەر.

2. ئەقلى بولمىغان كۆللى پىكىرلەر.

بىرىنچى قىسىمدىكى پىكىرلەر: قەبىلە-ئۇرۇقچىلىق، يۇرت ۋازلىق، ۋەتەن پەرۋەرلىك، مىللەتچىلىك، فاشىزىم، ئىقتىساد، سانائەت، ئىلىم -پەن، قوراللىنىش، ئەخلاق، ئالى قىممەت، ئالى غايىلار ئارقىلىق ئويغىنىش ۋە ھاكازالارغا ئوخشاش ئاساسى ئەمەس، بەلكى پەرئى (قوشۇمچە) پىكىرلەردۇر.

بۇ ۋە شۇنىڭغا ئوخشاش پىكىرلەر ئۆزگەرتىش ۋە ئويغىنىش ئۈچۈن يارىمايدۇ. چۈنكى ئۇلار باشقا پىكىرلەردىن كېلىپ چىققان



پەرئى پىكىرلەردۇر. مەسىلەن، كاپىتالىزىمدىن كېلىپ چىققۇچى دۆلەت سوتسىيالىزىمغا ئوخشاش. كاپىتالىزىمدىن كېلىپ چىققان ياكى كاپىتالىزىمغا ئاساسلانغان ۋۇجۇدىيەلەرگە ئوخشاش. ۋۇجۇدىيەلەر ئىككى خىل بولۇپ، بىر خىلدىكىلىرى: دىنىنىڭ بارلىقىنى ئېتىراپ قىلىپ، ئۇنى ھاياتتىن ئاجرىتىشنى ئوتتۇرىغا قويغۇچىلار. ئىككىنچى خىلدىكىلەر مۇتلەق دىندىن يۈز ئۆرۈشنى ئوتتۇرىغا قويغانلاردۇر.

بۇ پىكىرلەر پەرئى بولۇپ، ئاساس بولۇشقا يارىمايدۇ. چۈنكى ئاساس كۆللى پىكىر بولىشى ۋە ئىنسانىنى ھاياتتا مۇستەھكەم تەرتىپلىك يولدا ماڭدۇرغۇچى پىكىرلەر ئاشۇ كۆللى پىكىرگە تايىنىشى ۋە بارلىق پىكىرلەر ئۇ كۆللى پىكىردىن كېلىپ چىقىشى كېرەك. بۇنىڭغا سەۋەپ ئىنسان بارلىق ئىش ھەرىكەتلىرىنى بىرلا ئاساسقا تايىنىپ قىلىدۇ. ھەرخىل ئاساسلارغا تايىنىپ ئىش قىلسا ئادىشىدۇ ۋە خاتالىشىدۇ.

بۇ قىسىمدىكى يېشىملەرنى چوڭ تۈگۈنگە يېشىم سۈپىتىدە بېرىشكە بولمايدۇ. چۈنكى چوڭ تۈگۈننىڭ يېشىمى مۇھىم ئىشلاردىن بولۇپ، ئۇ ئوتتۇرىغا قويىلىۋاتقان بارلىق پىكىرلەرنىڭ ئويغىنىش ئۈچۈن ئاساس بولىشقا يارامىلىق ياكى يارامىلىق ئەمەسلىكىنى بەلگىلەپ بېرىدۇ. مىللەتچىلىكتە، ۋەتەنپەرۋەرلىكتە ياكى شۇنىڭغا ئوخشاش پىكىرلەردە چوڭ تۈگۈنگە يېشىم يوق. مۇبادا بار بولسىمۇ ئۇ پىكىر باشقا ئەقىدە ياكى باشقا ئاساستىن ئېلىنغان بولىدۇ. شۇندافكەن، ئېتىۋارنى ئاشۇ ئەقىدە ياكى ئاشۇ ئاساسقا قارىتىش ياخشىراق بولىدۇ. دېمەك، بۇ قىسىمدىكى يېشىملار يارامسىز بولۇپ، ئۇلارنى چۆرۈپ تاشلاش كېرەك. ئويغىنىشقا ئېلىپ بارغۇچى يېشىمنى ۋۇجۇتقا كەلتۈرۈشنى خالىساق، بۇنداق يېشىملارغا ئەھمىيەت بەرمەسلىكىمىز. ئۇلار

ھەققىدە بەھسلەشمەسلىكىمىز كېرەك. ئۇلارنى پەرئى پىكىرلەر سۈپىتىدە ئۆگىنىپ قويىشىمىز ۋە قەتئى ئەقلى دەلىل بىلەن توغرا ئىكەنلىكىگە، ئەقىلنى قانائەتلەندۈرگۈچى، پىترەتكە ماس كەلگۈچى ئىكەنلىكىگە ئىشەنچىمىز ھاسىل بولۇپ، بولغاندىن كېيىن بىز ئېتىقاد قىلىدىغان ئەقلى ئەقىدە ياكى پىكرى ئاساسقا ماس كېلىدىغانلىقلىرىنى بىلىشىمىزنىڭ زەرەرى يوق.

ئىككىنچى قىسىمدىكى پىكىرلەر ئويغىنىشقا يارىمايدىغان پىكىرلەر بولۇپ، ئاساسى پىكىرلەر بولسىمۇ، بىراق ئەقلى ئەمەس، بۇلار خىرىستىئان، يەھۇدى، بۇددىزىم، زەردۇشتى، بەرەھمەن، مەزدەكى، مانى قاتارلىق دىنلارغا ئوخشاش روھى ئەقىدىلەردۇر.

مىسال تەرىقىسىدا كەلتۈرۈلگەن بۇ يېشىملار ئويغىنىشقا يارىمايدۇ. چۈنكى ئۇلار ئەقلى بولمىغان پىكىرلەر، ئەقىدىلەر بولۇپ، بۇ ئەقىدىلەرگە ئەقىل ئارقىلىق ئېرىشىلمىگەن. بەلكى ئىنسانغا قانداق بولسا شۇنداقلا ئۆگىتىلگەن. ئۇنىڭ توغرىلىقىغا ئىشەنچ ھاسىل قىلىپ، خاتىرجەم بولۇشى ئۈچۈن ئۇلار ھەققىدە ياكى ئۇلارنىڭ ئاساسلىرى ھەققىدە پىكىر قىلىشقا ئىنسانغا رۇخسەت بېرىلمىگەن.

مەسىلەن، خىرىستىئان ياكى يەھۇدى دىنى ئەسلى ھالىتىدىن ئۆزگەرتىلىپ ھازىرقى كۈندە پەقەتلا روھى ئەقىدە بولۇپ قالغان. ئەقلى ئەقىدە بولالمىغان. شۇ سەۋەپتىن ئويغىنىشقا ئاساس بولۇشقا يارىمايدۇ. چۈنكى ئويغىنىشنىڭ ئاساسى پىكرى ئاساس بولۇشى كېرەك. يەنى تەسلىم بولۇش ياكى ئازدۇرۇش ياكى مەجبۇرلاشقا ئەمەس بەلكى ئەقىلغا ئاساسلانغان بولۇشى كېرەك. دېمەك ئەگەر ئاساس ئەقىلغا قۇرۇلمىغان بولسا ياكى ئۇنىڭغا ئەقىل ياردىمىدە ئېرىشىلمىگەن بولسا،



ھۆكۈم چىقىرىلمىغان بولسا بۇنداق ئەقىدە پىكرى ئاساس بولۇشقا يارىمايدۇ. چۈنكى بۇنداق ئەقىدىلەر ئەقىلنى قانائەتلەندۈرەلمەيدۇ. ئەقىلغا زىت بولغانلىقى ئۈچۈن ئەقىل ئۇلارنىڭ ۋاقىلىكىنى كۆرسىتەلمەيدۇ.

باشقا تەرەپتىن قارالسا، پەقەت ئەقلى ئەقىدىدىنلا بارلىق ھايات مۇئامىلىرىنى ھەل قىلغۇچى نىزام ئۇرغۇپ چىقىدۇ. بۇنداق ئەقلى ئەقىدە يىلتىز ۋە شاخلارنى ئۆستۈرۈپ چىقىرالايدىغان تىرىك ئۇرۇققا ئوخشايدۇ. يىلتىزلارچۇك تۈگۈننىڭ يېشىمى بولسا، شاخلار ۋە مېۋىلەر بۇ تىرىك ئەقىدىدىن ئۇرغۇپ چىققۇچى قانۇنلار، مۇئامىلىجىلەر بولىدۇ. ئەقلى بولمىغان ئەقىدە بولسا ئۆلۈك ئۇرۇققا ئوخشاش ئۇنىڭدىن ھېچنەرسە ئۇرغۇپ چىقمايدۇ. بەلكى يەر يۈزىدىن ھېچقاچان كۆتۈرۈلمەيدىغان قۇرۇق يىلتىزلىرى بار قۇرۇق ئۇرۇغ پېتىچە قېلىۋېرىدۇ. شۇ سەۋەپتىن چوڭ تۈگۈنگە يېشىم بېرىۋاتقان بۇ ئەقىدىلەر — توغرىلىقى ياكى ناتوغرىلىقىدىن قەتئىينەزەر — ئۆزگەرتىشكە، ئويغىنىش ئۈچۈن ئاساس بولۇشقا يارىمايدۇ. چۈنكى ئۇ ئەقىدىلەر ئىنسان مۇئامىلىرىنى ھەل قىلىدىغان تۈزۈمى يوقلىقى ۋە ئەقىلنى قانائەتلەندۈرەلمىگەنلىكى ئۈچۈن ئەقلى ئەقىدە ئەمەستۇر.

يۇقىرىدا ئۆتكەن پىكىرلەردىن خۇلاسە قىلىشقا بولىدۇكى، بەھسى قىلىنغان بۇ پىكىرلەر (ئومۇمى پىكىر بولامدۇ ياكى پەرئى پىكىر بولامدۇ) ئويغىنىشقا ئاساس بولۇشقا يارىمايدۇ. شۇنىڭدەك ئەقلى بولمىغان ئەقىدىلەرمۇ ئويغىنىشقا ئاساس بولۇشقا يارىمايدۇ. ئىنساننىڭ ئۆزۈۋى ئېھتىياجلىرى ۋە غەرىزىلىرىدىن پەيدا بولىدىغان مۇئامىلىلارنى ھەل قىلىدىغان تۈزۈم ئۇرغۇپ چىققۇچى ئەقلى ئەقىدىلا ئويغىنىش ئۈچۈن ئاساس بولۇشقا يارىيالىقدۇر. كېيىنكى پەسىلدە ئويغىنىشقا ئېرىشىش مەقسىتىدە توغرا ئەقلى ئەقىدىنى

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com

ياكى پىكرى ئاساسنى چۈشىنىۋېلىش ۋە تاللىۋېلىش ئۈچۈن ئەقلى ئەقىدىلەر ھەققىدە بەھس قىلىمىز. ھەممە ئۇلارنىڭ مۇھىم ئالامەتلىرىنى بەلگىلەيمىز.

---



# 10-پەسىل

## ئويغىنىش ئۈچۈن يارامىلىق ئەقلى ئەقىدىلەر

ئالدىنقى پەسىلدە ئۆزگەرتىش ئۈچۈن ئاساس بولۇشقا يارايدىغان پىكرى ئاساس ياكى پىكرى ئۇل ھەققىدە بەھس يۈرگۈزگىنىمىزدە نۇرغۇن يېشىملەرنى ئۇچراتقان ئىدۇق. ئۇلارنىڭ بەزىلىرى پەرئى ياكى ئۇمۇمى پىكىرلەر ياكى ئەقلى بولمىغان ئەقىدىلەر بولۇپ، مۇتلەق ئاساس بولۇشقا يارىمايدىغانلىقىنى شەرھىلەپمۇ ئۆتتۇق. ئۇلارنىڭ بەزىلىرى بولسا ئۆزگەرتىش ۋە ئويغىنىشقا ئاساس بولۇشقا يارىمايدۇ. بۇ پەسىلنىڭ ماۋزۇسى ئەنە شۇلار ھەققىدە دۇر.

ئويغىنىش يولىدا ئاساس بولۇشقا يارايدىغان ئەقلى ئەقىدە ھەققىدە بەھس ئېلىپ بارساق، ئىسلام، سوتسىيالىزم ۋە كاپىتالىزم قاتارلىق ئۈچلا ئەقىدە بارلىقىنى كۆرىمىز. ئۇنىڭدىن باشقىلىرى بولسا ئويغىنىشقا ئاساس بولۇشقا يارىمايدۇ. چۈنكى ئۇلار ئېيتىپ ئۆتكىنىمىزدەك كۆللى بولمىغان ئۇمۇمى پىكىر ياكى پەرئى پىكىر ياكى ئىنساننىڭ ئۇزۋى ئېھتىياجلىرى ۋە غەرىزىلىرىنى قاندۇرۇشتىن كېلىپ چىقىدىغان مۇئامىلىلارنى ھەل قىلغۇچى نىزام ئۇرغۇپ چىقمايدىغان، ئەقلى بولمىغان روھى ئەقىدىلەردۇر.

ئەقلى ئەقىدىنىڭ بىر سۈپىتى نىزام (ھايات قانۇنلىرى) ئۇرغۇپ چىقىشتۇر. ئىنسان مۇئامىلىلىرىنى ھەل قىلغۇچى نىزام

ئۇرغۇپ چىقىدىغان ھەرقانداق ئەقلى ئەقىدە «مەبدەئ» دېيىلىدۇ. «لۇغەتتە مەبدەئ سۆزى مەسدەر مىمى بولۇپ، ‹بەدەئە، يەبدەئۇ، بەدئەن، مەبدەئۇن› - باشلىماق مەناسىدىكى پېئىلدىن ئېلىنغان. بارلىق مۇتەپەككۇرلار ئىستىلاھىدا (تىل ئادىتىدە) مەبدەئ سۆزى ‹بارلىق پىكىرلەر ئاساسلىنىدىغان پىكرىي ئاساس› مەناسىدا قوللىنىلىدۇ. مەبدەئ سۆزى ئىنسانلار ئارىسىدا كۆپ قوللىنىلىدۇ. مەسىلەن، بىر شەخس ئېيتىدۇكى: «مېنىڭ مەبدەئىم (پىرىنسىپىم) - راستچىللىق» يەنى ئۇ ئېيتماقچىكى (ھەممە ئىشلىرىمغا، قىلىدىغان ھەرىكەتلىرىمگە راستچىللىقنى ئاساس-پىرىنسىپ قىلىۋالغانمەن) . يەنە بىر شەخس ئېيتىدۇكى: «مېنىڭ مەبدەئىم - ۋاپادارلىق» يەنى «ۋاپادارلىقنى بارلىق مۇئامىلىرىمغا ئاساس - پىرىنسىپ قىلىۋالغانمەن» . . . ۋە ھاكازا» .

توغرىسىنى ئالغاندا ۋاپادارلىق، راستچىللىق، ئۆز-ئارا ياردەملىشىش، ياخشى قوشنىدارچىلىق ۋە ئىقتىساد ياكى قانۇن مەبدەئلىرى (پىرىنسىپلىرى) دەپ ئاتىلىدىغان مەبدەئلەر مەبدەئ ئەمەسدۇر. بەلكى ئۇلار پىكىرلەر ۋە قائىدىلەردۇر. چۈنكى ئىستىلاھتا مەبدەئ سۆزى پىكرى ئاساسنى بىلدۈرىدۇ. يۇقىرىدىكى «ۋاپادارلىق، راستچىللىق، ئىقتىساد ۋە باشقىلار» پەرئىي پىكىرلەردۇر. بۇ پىكىرلەرنىڭ ئۈستىگە باشقا پىكىرلەرنى قۇرۇشقا يەنى باشقا پىكىرلەرنى قۇرۇشتا ئاساسلىنىشقا بولىدىغانلىقى ئۇلارنىڭ ۋاپادارلىق ۋە ئىقتىسادنىڭ پىكرى ئاساس ياكى مەبدەئ ئىكەنلىكىنى بىلدۈرمەيدۇ. بۇنداق پىكىرلەر باشقا پىكرى ئاساستىن كېلىپ چىققانلىقى ئۈچۈن ئاساسى پىكىر بولالمايدۇ. ئۇمۇمەن ئالغاندا راستچىللىق ۋە ئەخلاق ئاساسى پىكىردىن ئېلىنغانلىقى ئۈچۈن ئاساسى پىكىر ھېساپلانماي، بەلكى پەرئىي پىكىر دەپ



ھېساپلىنىدۇ. راستچىللىق ئاساسىنىڭ بىر جوزئى (قىسمىدۇر). چۈنكى ئۇ مۇسۇلمانلار نەزىرىدە قۇرئاندىن ئېلىنغان شەرئىي ھۆكۈمدۇر. كاپىتالىستلاردا بولسا پايدىلىق، چىرايلىق سۈپەت دەپ ھېساپلىنىدۇ.

پىكرى ئاساس شۇنداق پىكىركى، ئۇنىڭ ئالدىدا بىرەر پىكىر مۇتلەق مەۋجۇت ئەمەس. ئۇ كائىنات، ئىنسان ۋە ھايات ھەققىدىكى كۆللى پىكىرگىلا ئىخچاملانغاندۇر. بۇ كۆللى پىكىردىن باشقا پىكرى ئاساس بولمايدۇ. بۇ پىكىر ھاياتنىڭ ئاساسىدۇر. چۈنكى ئىنسان ئۆزىدىكى چوڭ تۈگۈنگە يېشىم بولىدىغان ئەنە شۇ پىكىر ئاساسىنى تاپالىسىلا ھاياتتا ئېنىق بىر يۆنىلىشتە مۇستەھكەم يۈرەلەيدۇ ۋە خاتىرجەم بولىدۇ. ئەكسىچە ئەنە شۇ پىكرىي ئاساسىنى تاپالمىغان ئىنسان بىقارار، بىئارام ۋە مۇستەھكەم بولمىغان ھالدا ياشايدۇ.

شۇنىڭدىن كېلىپ چىقىدۇكى، كائىنات، ئىنسان ۋە ھايات ھەققىدىكى كۆللى پىكىر ئاساسى پىكىر ياكى پىكرى ئاساس ياكى پىكرى ئۇل ياكى ئەقىدەدۇر. بىراق بۇ ئەقىدە پىكىر بولسىلا يەنى ئۇ ئەقلى بەھسى ئۈستىگە قۇرۇلغان بولسىلا ئۇنىڭدىن پىكىرلەر ئۇرغۇپ چىقىشى ۋە ئۇنىڭغا باشقا پىكىرلەر ئاساسلىنىدىغان بولۇشى مۇمكىن. ئەگەر بۇ ئەقىدە ئەقىل ئىشلىتىلمەستىن سۆزسىز تەسلىم بولۇنىدىغان ئەقىدە بولسا ياكى قانداق بولسا شۇنداقلىقىچە ئۆگۈنىلىدىغان ئەقىدە بولسا - گەرچە ئۇنى ئەقىدە دەپ ئاتاش توغرا بولسىمۇ - بۇنداق ئەقىدە پىكىر بولالمايدۇ ۋە كۆللى پىكىر دەپ ئاتالمايدۇ.

شۇنىڭ ئۈچۈن ئىنسان كۆللى پىكىرگە ئەقلىنى ئىشلىتىش ئارقىلىق ئېرىشكەن بولۇشى لازىم. شۇندىلا ئۇ ھايات مۇئامىلىرىنىڭ مۇئالىجىلىرى بولغان پىكىرلەر ئۇرغۇپ چىقىدىغان

ۋە بارلىق پىكىرلەر ئاساسلىنىدىغان ئەقلى ئەقىدە بولالايدۇ. ھايات مۇئامىلىرىنى ھەل قىلغۇچى تۈزۈملەر ئۇرغۇپ چىقىدىغان ئەنە شۇ ئەقلى ئەقىدە قاچان تېپىلسا مەبدەئ تېپىلىدۇ. شۇ سەۋەپتىن مەبدەئ نىزام (ھايات قانۇنلىرى) ئۇرغۇپ چىقىدىغان ئەقلى ئەقىدە دەپ تەرىپلەنگەن.

شۇنىڭدىن كېلىپ چىقىپ ئېيتىشقا بولىدۇكى، كاپىتالىزم مەبدەئدۇر. چۈنكى ئۇ نىزام ئۇرغۇپ چىقىدىغان ئەقلى ئەقىدەدۇر. ئۇ نىزام ھايات مۇئامىلىرىنى ھەلقىلغۇچى پىكىرلەردۇر. سوتسىيالىزممۇ مەبدەئدۇر. چۈنكى ئۇ - نىزام ئۇرغۇپ چىقىدىغان ئەقلى ئەقىدەدۇر. ئۇ نىزام ھايات مۇئامىلىرىنى ھەلقىلغۇچى پىكىرلەردۇر. ئىسلاممۇ مەبدەئدۇر. چۈنكى ئۇ - نىزام ئۇرغۇپ چىقىدىغان ئەقلى ئەقىدەدۇر. ئۇ نىزام ھايات مۇئامىلىرىنى ھەلقىلغۇچى شەرئى ھۆكۈملەردۇر.

شۇ نەرسە ئېنىق - روشەن بولۇشى لازىمكى، بىرەر مەبدەئدە ئەقىدە ۋە نىزامنىڭ بولۇشىلا بۇ مەبدەئنىڭ تەتبىق قىلىنىش ئۈچۈن يارامىلىق مەبدەئ ئىكەنلىكىنى بىلدۈرمەيدۇ، بەلكى پەقەت ئۇنىڭ مەبدەئ ئىكەنلىكىنىلا بىلدۈرىدۇ خالاس. مەبدەئنى تەتبىق قىلىشقا ۋە ئۇنىڭ ئاساسىدا ئويغىنىشقا يارامىلىق قىلالايدىغان ئامىل - مەملىكەت ئىچكىرىسىدە ئۇنى قانداق تەتبىق قىلىشنى ۋە مەملىكەت تاشقىرىسىغا قانداق يېيىشنى، مەبدەئنى قانداق مۇھاپىزەت قىلىشنى بايان قىلغۇچى تەرىقەت (كەيپىيەتلەر) دۇر. ئەگەر مەبدەئدە شۇنداق تەرىقەت (كەيپىيەتلەر-يول) بولمىسا، ئۇنداق مەبدەئ ئۆز ئىگىلىرىنىڭ مېڭىلىرىدىلا ياكى كىتاپلارنىڭ ئىچىدىلا قېپ قالىدىغان قۇرۇق پىكىر بولۇپ قېلىۋېرىدۇ. خۇددى «ئەپلاتون جۇمھۇرىيىتى» ياكى توماسمورنىڭ «ئۇتوپىيە» دېگەن ئەسىرى ياكى فارابىنىڭ «پەزىلەتلىك شەھەر» دېگەن ئەسەرىگە ئوخشاش.



ئىسلامنىڭ ئىجرا قىلىشتا ئۆز تەرىقىتى بولۇپ، ئۇ، دۆلەت ۋە شەخس تەقۋاسىدۇر. سوتسىيالىزم ۋە كاپىتالىزمنىڭ ئىجرا قىلىش تەرىقىتى پەقەت دۆلەتتۇر. ئىسلام ئۆز مەبدەئىنى مەملىكەت تاشقىرىسىغا جىھاد قىلىش ئارقىلىق يايىدۇ. كاپىتالىزم بولسا مۇستەملىكە قىلىش ئارقىلىق يايىدۇ. سوتسىيالىزم بولسا كاممۇنىستىك پارتىيەلەر ئارقىلىق يايىدۇ.

دېمەك مەبدەئ پىكرەت ۋە تەرىقەتتىن ئىبارەتتۇر. پىكرەتى ئەقىدە يەنى كائىنات، ئىنسان ۋە ھايات ھەققىدىكى كۈللى پىكىر (چوڭ تۈگۈننىڭ يېشىمى)، ھەمدە نىزام (ھايات مۇئامىلىرىنىڭ يېشىملىرى) دۇر.

تەرىقىتى بولسا يۇقىرىدا ئېيتىلغان كەيپىيەتلەردۇر. پىكرەت ۋە تەرىقەتنىڭ بارلىقى - مەبدەئنى تەتبىق قىلىشقا يارامىلىق ئىكەنلىكىنى ياكى تەتبىق قىلىش مۇمكىنلىكىنى بىلدۈرىدۇ. لېكىن مەبدەئنىڭ توغرا ئىكەنلىكىنى بىلدۈرمەيدۇ. مەبدەئنىڭ توغرا ياكى خاتا ئىكەنلىكىنى بىلدۈرىدىغان ئامىل - ئىلگىرى ئېيتقىنىمىزدەك - مەبدەئنىڭ ئاساسىنىڭ توغرىلىقىدۇر. مەبدەئنىڭ ئاساسى ئەقلىنى قانائەتلەندۈرسە ۋە پىترەتكە ماس كەلسە توغرا ئاساس بولىدۇ ۋە مەبدەئمۇ توغرا بولىدۇ. ئەگەر ئاساس توغرا بولمىسا، مەبدەئ بۇزۇق، ناتوغرا مەبدەئ بولىدۇ.

مەبدەئ پەيدا بولۇشىغا كەلسەك، ئۇنى يا ئىنسان ئەقلى ئويلاپ تاپىدۇ ياكى «يارىقىن پىكىر قىلىش ئارقىلىق قەتئى دەلىل بىلەن بارلىقىغا ئىشەنچىمىز كامىل بولغان خالىق - مۇدەببىر الله تەئالا» تەرىپىدىن ۋەھيى بىلەن ئەۋەتىلىدۇ.

ئىنسان تەرىپىدىن ئويلاپ تېپىلغان مەبدەئ خاتا مەبدەئدۇر. چۈنكى ئىنساننىڭ ئەقلى چەكلىكتۇر. يەنى ئاجىز، ناقىس ۋە غەيرىگە مۇھتاجدۇر. ئۇ ئىشلەپ چىققان نەرسىلەردىمۇ شۇ سۈپەتلەر

بولىدۇ. دېمەك شۇ سەۋەپتىن ئىنسان ئويلاپ تاپقان مەبدەئ ئاجىز، يېتەرسىز ۋە زىددىيەتلىك بولىدۇ. چۈنكى ئىنساننىڭ چۈشۈنىشى قارمۇ-قارشىلىقتا، ئىختىلاپقا ۋە ئۆزى ياشاپ تۇرغان مۇھىت بىلەن تەسىرلىنىشكە دۇچ كېلىدۇ. نەتىجىدە ئىنسان تۈنۈگۈن توغرا دەپ بىلگەن نەرسىنى بۈگۈن خاتا دەپ، تۈنۈگۈن خاتا دەپ بىلگەن نەرسىنى بۈگۈن توغرا دەپ ئويلاپ قالىدۇ. يېغىپ ئېيتقاندا ئىنسان تۈزگەن قانۇنلار ئىنسانىيەت ۋاقىلىكىنى بىر ئىنسان سۈپىتىدە پۈتۈنلەي ئەتراپىنى تولۇق ئىگەللەپ بىلىشتىن ۋە ئۇنىڭغا كېرەكلىك ھەربىر نەرسىنى بىلىشتىن ئەلۋەتتە ئاجىزلىق قىلىدۇ. دېمەك ئۇ ئويلاپ تاپقان مەبدەئ بىر دەۋرى ۋە بىر ئورۇنغا يارىسا، باشقا دەۋرى ۋە باشقا ئورۇنغا يارىمايدۇ.

ئىلاھىي مەبدەئ بولسا ئەڭ توغرا مەبدەئ بولۇپ، ئۇنىڭدا خاتا ۋە كەمچىللىك بولمايدۇ. چۈنكى ياراتقۇچى زات مەخلۇقاتلارنى ئۆزى ياراتقانلىقى ئۈچۈن ئۇلاردىكى ھەربىر زەررە مىقداردىكى نەرسىنىمۇ بىلىدۇ. دېمەك، ياراتقۇچى زات ئاللاھ ئىنسانغا بەخت - سائادەتنى ۋە خاتىرجەملىكنى كاپالەتلىگۈچى نىزامنى تۈزۈشكە قادىردۇر.

مەبدەئنىڭ ئېمە ئىكەنلىكىنى توغرا چۈشىنىۋالغاندىن كېيىن ئالەمدە تەتبىق قىلىشقا ياراملىق بولغان ۋە ئۇنىڭ ئاساسىدا ئويغىنىش مۇمكىن بولغان پەقەت ئۈچلا مەبدەئ بارلىقىنى كۆرىمىز. بىراق بۇ ئويغىنىش توغرا ئويغىنىش ئەمەس. مەبدەئ يۇقىرىدا زىكرى قىلىنغان توغرا بولۇش شەرتلىرى بىلەن سۈپەتلەنسىلا توغرا ئويغىنىشنى ھاسىل قىلىدۇ.

قىلىۋاتقان بۇ پائالىيىتىمىزدىن مەقسەت قىلغان ئويغىنىش ماۋزۇسىدا مەبدەئلەر مۇھىم ئورۇندا تۇرغانلىقى ئۈچۈن كېيىنكى بابلاردا ئۇلارنى تەپسىلىي شەرھلەپ ئۆتىمىز. بۇ مەبدەئلەر



تۆۋەندىكىلەر:

1. كاپىتالىستىك مەبدەئ.
2. سوتسىيالىستىك مەبدەئ.
3. ئىسلامىي مەبدەئ.

---

# ئىككىنچى باب

## كاپىتالىزم مەبدەئىدۇر

كاپىتالىزم «دىننى ھاياتتىن ئاجرىتىش» ئاساسىغا قۇرۇلغان. بۇ پىكىر ئۇنىڭ پىكرىي ئاساسىدۇر. شۇ ئاساسقا ئاساسەن ئىنسان ھايات نىزامىنى ئۆزى تۈزىدۇ. مەلۇمكى، ئاساس (پىكرى ئۇل ۋە ئەقىدە) بىلەن شۇ ئاساستىن ئۇرغۇپ چىققۇچى نىزامنىڭ بىر-بىرىگە ماس بولىشى ناھايىتى ئېنىقتۇر. دېمەك، ئەگەر ئاساس ياراتقۇچى زاتنىڭ كائىنات، ئىنسان ۋە ھاياتتىن ئىبارەت مەخلۇقلارغا ئالاقىسى يوقلىغىنى بەلگىلەپ بەرسە، ئەلۋەتتە نىزام تۈزۈش ھوقۇقى ئىنساندا بولۇپ قالىدۇ. چۈنكى ئىنسان ۋاقىلىك بىلەن سابىق مەلۇمات ئوتتۇرىسىنى باغلاشقا ۋە ئىختىرا قىلىشقا يەنى ئىجاد ۋە كەشىپ قىلىشقا يارامىلىق مېڭىسى بار بولغانلىقى ئۈچۈن ھايات نىزامىنى تۈزۈشكە قادىر يېگانە مەخلۇقتۇر.

شۇ خۇلاسىدىن تۆت ئەركىنلىك پىكرى ۋۇجۇتقا كەلدى. ئۇلار تۆۋەندىكىلەر:

1. پىكىر ئەركىنلىكى بولۇپ، ئۇلار ئۇنى سىياسى ئەركىنلىك دەپمۇ ئاتايدۇ. بۇ ئەركىنلىك ھەربىر ئىنسانغا «ئۆز پىكرىنى ئاشكارا-ئوچۇق ئېيتىش ۋە خەلقنىڭ ئومۇمى ھاياتىنى بەلگىلەشكە قاتنىشىش ئۇنىڭ پىلانلىرىنى تۈزۈپ چىقىش، رىئايە قىلىنىدىغان قانۇنلارنى ئىشلەپ چىقىش، بۇ قانۇنلارنى ھىمايە قىلىدىغان ھاكىمىيەتنى تەيىنلەشكە قاتنىشىش ۋە ئۆز مۇلاھىزىلىرىنى بىلدۈرۈش» قاتارلىق ھوقۇقلارنى بېرىدۇ.



2. مۇلۇك ياكى ئىقتىسادى ئەركىنلىك. بۇ ئەركىنلىك ھەربىر شەخسكە خالىغان نەرسىگە خالىغان مىقداردا خالىغان يول بىلەن ئىگە بولۇش ھوقۇقىنى بېرىدۇ. شەخسلەر - مەيلى ئىشلەپ چىقىرىش ياكى ئىستېمال قىلىش ئۈچۈن بولسۇن - شەخسى مەنپەئەتلىرىگە ئىگە بولۇش ئۈچۈن ئىقتىساد مەيدانلىرىدىكى بارلىق ئىشىكلەر شەخسلەر ئۈچۈن كەڭ ئېچىپ بېرىلىشى لازىم بولىدۇ.

3. ئېتىقاد ئەركىنلىكى ياكى پىكرىي ئەركىنلىك. بۇ ئەركىنلىك ھەربىر ئىنسانغا «ئۆزى خالىغان ئەقىدە ۋە پىكىرلەرنى قوبۇل قىلىش ۋە خالىغان پەيتتە ئۇلاردىن ۋاز كېچىش ھەمدە بۇ ئەقىدە ۋە پىكىرلەرنى ھىمايە قىلىش، بىرەر توسقۇنلۇققا ئۇچرىماي ئۇلارنى ئاشكارا ئېلان قىلىش» قاتارلىق ھوقۇقلارنى بېرىدۇ.

4. شەخسى ئەركىنلىك. بۇ ئەركىنلىك ئىنسانغا «ئۆزىنىڭ شەخسى تۇرمۇش يولىنى ئۆزى خالىغان شەكىلدە بەلگىلەش ۋە بۇنىڭغا توسقۇنلۇق قىلىدىغان ھەرقانداق ھالەتنى توسۇش، ئىنسان ئۆزىنى ۋە جىسمىنى خالىغىنىچە تەسەررۇپ قىلىش. ئۆز ھاياتىنى ئۆزىگە ياققان شەكىلدە بەلگىلەش، ئۆزى خالىغان ئۆرپ-ئادەتلەر، ئەنئەنەلەر، غايە-قىممەتلەرنى قوبۇل قىلىش ۋە ئۇلاردىن ۋاز كېچىش» قاتارلىق ھوقۇقلارنى بېرىدۇ. چۈنكى بۇ ئىشلار ئۇنىڭ ئۆزىگە خاس بولغان ئىشلاردۇر.

ئىنسان ئۆزى خالىغان نەرسىگە خالىغان مىقداردا خالىغان يول بىلەن ئىگە بولۇشقا رۇخسەت بەرگۈچى مۇلۇك (ئىقتىساد) ئەركىنلىكى ئالاھىدە بىر تەبىقىنى - چوڭ بايلىق ئىگىلىرى تەبىقىسىنى پەيدا قىلدى. ئۇلار - كاپىتالىستلار چوڭ بايلار دەپ ئاتالدى. ئۇلار غەربدە نىزام (تۈزۈم)نىڭ ھەقىقى خوجايىنلىرى بولۇپ قالدى. بىرەر نەرسىگە ئات قويۇشتا ئۇنىڭدا ئەڭ كۆزگە تاشلىنىدىغان قىسمىنى ئېتىۋارغا ئېلىپ ئىسىم قويۇش بابىدىن

قىلىپ، «دىننى ھاياتتىن ئاجرىتىش» پىكرى «كاپىتالىزم» دەپ ئاتالدى.

خەلق ئۆزىگە تەتبىق قىلىنىدىغان نىزامنى تاللاش ئۆزى خالىمايدىغان نىزامنى رەت قىلىش ھەمدە خەلق تاللىغان نىزامنى تەتبىق قىلىش ئۈچۈن ھاكىمنى ئىجارىغا ئېلىش ھوقۇقىنى بەرگۈچى دېموكراتىيە شۇ مەبدەئ ئەقىدىسىدىن يەنى دىننى ھاياتتىن ئاجرىتىش پىكرىدىن كېلىپ چىققان. ئۇ پىكىر ئەركىنلىكىدە ناھايىتى ئېنىق كۆزگە تاشلىنىدۇ.

دېموكراتىيە مەبدەئ ئاساسىدىن كېلىپ چىققان ۋە ئۇنىڭ نىزامىنىڭ ئاساسى قىسمى بولغان، ئۇمۇمەن ئالغاندا ئۇنىڭ ئاساسلىق نىزامى بولغان بولسىمۇ، بىراق ئۇ مەبدەئدىكى ئەڭ كۆزگە تاشلانغان نەرسە ئەمەس ۋە ئىقتىسادىي نىزامدىنمۇ ئۈستۈن ئەمەس. بۇنىڭغا غەربتىكى ئىقتىسادىي نىزامنىڭ ھۆكۈمەت نىزامىغا كۈچلۈك تەسىر كۆرسەتكەنلىكى دەلىل بولىدۇ. مەسىلەن، ئامېرىكىدىكى زۇڭتۇڭ سايلاملىرىدا «گېنېرال ئېلېكتىرىك» «گېنېرال ماتورۇز»غا ئوخشاش چوڭ شىركەتلەردىن ئىبارەت كاپىتالىستلارنىڭ سايلاملار نەتىجىسىگە، دۆلەت رەئىسلىكىگە ۋە ئۇنىڭ مەجلىسلىرىگە كۈچلۈك تەسىر كۆرسەتكەنلىكى ئېنىق سېزىلىپ تۇرىدۇ. ئاخىرقى ھېساپتا كاپىتالىستلار بۇ مەملىكەتلەرنىڭ ھەقىقى خوجايىنلىرى بولۇپ قېلىشىدۇ.

بۇنىڭدىن تاشقىرى، دېموكراتىيە پەقەت غەربكىلا خاس بولماي، رۇسىيەمۇ، ئۈچۈنچى ئالەم دۆلەتلىرىمۇ دېموكراتىيەنى دەۋا قىلىدۇ. (ھەممىسى لەيلى بىلەن ئۇچراشتىم دەپ دەۋا قىلىدۇ، لەيلى بولسا ئۇلارنىڭ بىرەرسىنى كۆرمىگەن)، شۇنىڭدىن كېلىپ چىقىپ خۇلاسە قىلىشقا بولۇدۇكى، دېموكراتىيە دىننى ھاياتتىن ئاجرىتىش مەبدىئىدىكى ئەڭ كۆزگە تاشلانغان نەرسە ئەمەس. شۇ



سەۋەپتىن بۇ مەبدەئنى دېموكراتىك مەبدەئ دەپ ئەمەس، كاپىتالىستىك مەبدەئ دېيىش تورۇنلۇقراق.

«دىننى ھاياتتىن ئاجرىتىش» ئەقىدىسى «دىن» دەپ ئاتىلىدىغان بىر نەرسىنىڭ بارلىقىنى يەنى كائىنات، ئىنسان ۋە ھاياتنىڭ ياراتقۇچىسى بارلىقىنى، قايتا تىرىلىدىغان بىر جايغا يىغىلىدىغان، ھەمدە ھېساپ بېرىدىغان كۈننىڭ بارلىقىنى زىمنەن ئېتىراپ قىلغانلىقتۇر. چۈنكى يۇقىرىدا زىكرى قىلىنغان نەرسىلەر «دىن»نىڭ ئاساسلىرى ھېساپلىنىپ «دىن» دېگەن سۆز شۇ مەنالارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

مانا شۇنداق ئېتىراپ قىلغانلىق كائىنات، ئىنسان ۋە ھايات ھەققىدىكى كۆللى پىكىرنى شەكىللەندۈرىدۇ ھەمدە چوڭ تۈگۈنگە يېشىم بەرگەنلىك بولىدۇ. بىراق كاپىتالىزم دىننى ئېتىراپ قىلىسىمۇ ياراتقۇچىنىڭ ھايات ئىشلىرىغا ئارىلىشىشىنى ئىنكار قىلىپ، ياراتقۇچىنىڭ ھاياتتىكى رولىنى بىكار قىلىدۇ. نەتىجىدە دىننى ياراتقۇچى بىلەن مەخلۇق ئوتتۇرىسىدىكى ئالاقىغىلا-ئىبادەتكىلا چەكلەپ قويىدۇ. بۇ ئالاقە مەلۇم بىر ۋاقىتلاردىلا ۋە ئىبادەتخانىلاردىلا مەيدانغا چىقىدۇ.

قىسقىچە قىلىپ ئېيتقاندا كاپىتالىزم مەبدەئدۇر. چۈنكى ئۇنىڭ ئىنساننىڭ چوڭ تۈگۈنىنى ھەل قىلىدىغان ۋە ئۇنىڭ بارلىق سوئاللىرىغا جاۋاپ بېرىدىغان «دىننى ھاياتتىن ئاجرىتىش»تىن ئىبارەت ئەقىدىسى ياكى پىكرى ئاساسى بار.

بۇ ئاساسنىڭ ئۆزىدىن تۈزۈم ياكى مۇئامىلىلەر ئۆرغۈپ چىقىدۇ. بۇ نىزام «ئىنسان ئۆز مۇئامىلىرىنى ئۆزى ئەقلى ۋە ئىجتىھادىغا تايىنىپ ھەل قىلىۋىرىدۇ، ئۆزىۋى ئېھتىياجلىرىنى ۋە غەرىزىلىرىنى ئۆزى مۇناسىپ كۆرگەن شەكىلدە قاندۇرىدۇ» دەيدۇ. شۇنىڭدىن نىزام پىكرى ئاساسقا ئويغۇن ئىكەنلىكى. ئىككىلىسى

بىر جىنسىدىن ئىبلىنغانلىقى مەلۇم بولىدۇ. ئەقىدىسىمۇ، نىزامىمۇ «ياراتقۇچى زات ھايات ئىشلىرىغا ئارىلاشمىسۇن» دەيدۇ.

شۇ سەۋەپتىن كاپىتالىزم مەبدەئدۇر. چۈنكى ئۇنىڭدا كائىنات، ئىنسان ۋە ھايات ھەققىدىكى كۈللى پىكىر باردۇر. پىكرى ئاساسى بار بولغانلىقى ئۈچۈن ئېتىقاد قىلىشقا يارامىلىق ئەقىدىدىن ئەنە شۇ كۈللى پىكىر ئۇرغۇپ چىققان. كاپىتالىزم يارامىلىق مەبدەئدۇر. چۈنكى ئۇنىڭدا ئىنساننىڭ ئۆزۋى ئېھتىياجلىرى ۋە غەرىزەلىرىدىن پەيدا بولغۇچى مۇئامىلىلارنى ھەل قىلغۇچى نىزام بار.

خۇلاسە شۇكى، كاپىتالىزم پىكرەت ۋە تەرىقەتتىن ئىبارەتتۇر. يۇقىرىدا ئېيتىپ ئۆتۈلگىنىدەك، پىكرىتى ئەقىدە ۋە مۇئامىلىلارنى ھەل قىلغۇچى نىزاملىرىدۇر. تەرىقىتى بولسا بۇ مەبدەئنى قوبۇل قىلغان خەلققە ئۇنى تەتبىق قىلىدىغان ئىجرا قىلىش يولى بارلىقىدا ئېنىق كۆرىنىدۇ. ئالەمنىڭ چوڭ قىسمىنى ئىگەللىگەن ئامېرىكا ۋە ياۋرۇپادا بۇ مەبدەئنىڭ ئۆز تەرىقىتى دۆلەت ئارقىلىق تەتبىق قىلىنىۋاتقانلىقى بۇنىڭغا دەلىل بولىدۇ.

بۇنىڭدا مۇستەملىكە قىلىشتىن ئىبارەت مەبدەئنى يېيىش، باشقا خەلقلەرنى دەۋەت قىلىش يولى بار. يۇقىرىدا زىكرى قىلىنغان ئەشۇ دۆلەتلەر ئۇزاق ۋاقىت جەريانىدا دۇنيانىڭ چوڭ قىسمىنى ئەمىلىيەتتە مۇستەملىكە قىلىپ بولدى. مۇستەملىكىچىلەر كاپىتالىزم مەبدەئىنى بۇ خەلقلەرگە تۈرلۈك يول، ئۇسلۇبلار بىلەن يېيىشقا ھەرىكەت قىلىدۇ.

كاپىتالىزمدا مەبدەئنى مۇھاپىزەت قىلىش ۋە مۇنقەرىز بولۇشقا ئۇچراشنىڭ ئالدىنى ئېلىش تەرىقىتى بار. بۇ تەرىقەت شۇكى مەبدەئ ئىنسانلار مەنپەئەتلىرىنى مەيدانغا چىقىرىدۇ، ھېچقاچان ئۇلارنىڭ مەنپەئەتلىرى، خاھىش-ئىستەكلىرىگە قارشى چىقمايدۇ. بۇنىڭ



www.uyghurkitap.com

ئاقىۋىتىدە ئىنسانلار بۇ مەبدەئنىڭ مەڭگۇ قىلىشىنى، يوقۇلۇپ كەتمەسلىكىنى خالايدۇ ۋە قوغدايدۇ.

يۇقىرىدىكىلەردىن كۆرۈنۈپ تۇرۇپتۇكى، كاپىتالىزم مەبدەئ بولۇپ، ئۇنى تەتبىق قىلىش، ئۇنىڭ ئاساسىدا ئويغىنىش مۇمكىن. ئۇنىڭغا ئېتىقاد قىلىدىغان خەلقلەر ئۇنىڭ ئاساسىدا ئۆزلىرىنى ئۆزگەرتىپ، ئۇنى تەتبىقلاش نەتىجىسىدە ئويغىنىپ كەتكەنلىكلىرى ھەممىگە مەلۇم. بىراق بۇ ئويغىنىشنىڭ توغرا ياكى خاتا ئىكەنلىكىنى كېيىنكى پەسىلدە بايان قىلىمىز.

---

# 2- پەسىل

## كاپىتالىزم ئەقىل ۋە پىترەت تارازىسىدا

بىز يۇقىرىدىكى بەھسلىرىمىز ئارقىلىق «مەبدەئىنىڭ توغرا بولىشىنىڭ شەرتى پەقەت ئىنساندىكى چوڭ تۈگۈنگە يېشىم بېرىدىغان پىكرى ئاساس ياكى ئەقلى ئەقىدە ياكى پىكرى ئۇلىنىڭ توغرا بولىشىدىن ئىبارەت» ئىكەنلىكىنى بىلىۋالدۇق ھەمدە «يېشىمنىڭ ئەقىلنى قانائەتلەندۈرىشى ۋە پىترەتكە ماس كېلىشى – يېشىمنىڭ توغرا يېشىم بولىشى، نەتىجىدە توغرا ئويغىنىشقا ئېلىپ بارغۇچى بولىشى ئۈچۈن كېرەك بولغان ئىككى شەرتنى شەكىللەندۈرىدۇ» دەپ ئېيتىپ ئۆتتۇق. بۇ پەسىلدە كاپىتالىزمىنىڭ ئەقىل ۋە پىترەت ھەققىدىكى ئاساسىنى بايان قىلىپ ئۆتىمىز.

### كاپىتالىزم ۋە ئەقىل

كاپىتالىستىك ئەقىدە ئەقىلنى قانائەتلەندۈرەلمەيدۇ. ئەقىل ئۇنىڭ توغرىلىقىغا تولۇق ئىشەنچى ھاسىل قىلمايدۇ بۇنىڭ سەۋەبى ناھايىتى روشەن ۋە ئېنىق بولۇپ، بۇ ئەقىدە چوڭ تۈگۈننى يېشىش ھەققىدە باش قاتتۇرمىدى ۋە ئۇنىڭغا قاراپمۇ قويمىدى، بەلكى ئۇ ئاساسى ئېتىۋارىنى دىن ئەربابلىرى ۋە پادىشاھلار بىلەن خۇداسىز مۇپەككۇرلار ئوتتۇرىسىدىكى جىدەلنى بىر تەرەپ قىلىشقا قاراتتى. گەرچە بۇ جىدەلنى تىنچىتىش نەتىجىسىدە چوڭ تۈگۈنگە يېشىم پەيدا



بولغان بولسىمۇ، بۇ ئەقىدە جىدەللىشىۋاتقان ئىككى تەرەپنى مۇرەسسەگە كەلتۈرۈش مەقسىتىدە پائالىيەت كۆرسىتىپ، ھەل قىلىش كېرەك بولغان مەسىلىدىن پۈتۈنلەي باشقا مەسىلىنى ھەل قىلدى.

ئاساسى دىنىي ھاياتتىن ئاجرىتىش بولغان كاپىتالىزم مەبدىئى ياۋروپادا دىنى ئەربابلار ۋە پادىشاھلار بىلەن مۇپەككۇر - پەيلاسوپلار ئوتتۇرىسىدىكى قانلىق توقۇنۇشلار نەتىجىسىدە مەيدانغا كەلدى. توقۇنۇشىۋاتقان ئىككىلى تەرەپ ئىنسانلار ھاياتىنى تەرتىپكە سالغۇچى قانۇنلارنى تۈزۈش ئۆز ھوقۇقى ئىكەنلىكىنى دەۋا قىلاتتى. دىنىي ئەربابلار ۋە پادىشاھلار «خۇدا بىزگە قانۇن چىقىرىشتا ئىلاھى ھوقۇقلارنى بەرگەن ۋە بىزنى باشقا ئادەملەردىن ئەزىز يەنى مۇقەددەس، ئۇلۇغ قىلغان» دەپ دەۋا قىلاتتى. نەتىجىدە ئۇلار: «ئىنسانلارنى باشقۇرۇش، قانۇن چىقىرىش ھوقۇقى بىزدە» دەپ چىڭ تۇراتتى. ئىككىنچى تەرەپ بولسا «بۇ دەۋالار دىن ئەربابلىرىنىڭ ئۆزلىرى ئويلاپ چىققان توقۇلما ئەپسانىلىرى» دەپ بىلەتتى.

ئىككى تەرەپ ئوتتۇرىسىدىكى كۈرەش ئۇزاق ۋاقىت داۋام قىلدى. بۇ ئۇزاق ۋاقىت جەريانىدا پادىشاھلار خەلقلەرنىڭ قېنىنى شوراش ۋە ئېكسپىلاتسىيە قىلىش ئۈچۈن ئۆز ھۆكۈمرانلىقىنى ئۆتكۈزۈش مەقسىتىدە دىن ئەربابلىرىنى ۋاستە قىلىۋالغان ئىدى. دىن ئەربابلىرىمۇ شۇ ئىشنى دىن نامىدىن قىلاتتى. پەيلاسوپلار بولسا دىنغا ئالاقىدار ھەربىر نەرسىنى پۈتۈنلەي يوق قىلىشقا ئىنتىلەتتى. بۇنىڭغا دىن ئەربابلىرى ۋە پادىشاھلارنىڭ خۇنۇك قىلمىشلىرى، رەسۋا ھەرىكەتلىرى سەۋەپ بولغان ئىدى. ئۇلار ئەسلىدە دىنغا ئالاقىسى يوق ۋە دىنىنىڭ كۆرۈنۈشىنى خۇنۇك قىلىپ كۆرسىتىدىغان نۇرغۇن ئىشلارنى قىلدى. مەسىلەن

جىنايەتكارلارنى سېتىۋېلىش مۇمكىن بولغان ئىندولگېنسىيە ۋە بارلىق ھوقۇقلاردىن مەھرۇم قىلغۇچى قانۇنلارنى چىقاردى. ئىككى تەرەپنىڭ مۇرەسسەگە كەلتۈرۈش ئۈچۈن ئۈچىنچى گورۇھ ئارىلاشقانغا قەدەر، ئەھۋال شۇ ھالەتتە داۋام قىلدى. بۇ ئۈچىنچى گورۇھ مۇئاممانى ئوتتۇرىچە يېشىم بىلەن ھەل قىلىش تەكلىۋىنى بەردى. بۇ ئوتتۇرىچە يېشىمنىڭ نەتىجىسى «دىنىنى ھاياتتىن ئاجرىتىۋېتىش» بولدى. كېيىن بۇ يېشىم «ئىلمانىيە» يەنى دىنىنى ھاياتتىن ئاجرىتىش دەپ، يېشىمنى ئويلاپ تاپقانلارنى بولسا «ئىلمانىلار» يەنى دىنىنى ھاياتتىن ئاجراتقۇچىلار دەپ ئاتالدى.

جىدەلنى ھەل قىلىش نەتىجىسىدە ئوتتۇرىچە يېشىم ۋۇجۇتقا كەلدى ۋە ئاما ئارىسىغا يېيىلدى. دىنىنىڭ بارلىقى ياكى يوقلىغى ھەققىدە يەنى ياراتقۇچى بارلىغى ياكى يوقلىغى ھەققىدە بەھسى قىلماسلىق مۇقىملاندى. باشقىچە قىلىپ ئېيتقاندا چوڭ تۈگۈن يېشىلمە سىلىككە، ئىنسانلار ھەيرانلىق ۋە زالالەت ئىچىدە ئادىشىپ - ئېزىپ يۈرۈيدىغان ھالەتتە تاشلاپ قويۇلىشقا كېلىشىۋېلىندى.

كۆرۈنۈپ تۇرۇپتۇكى، كاپىتالىزم مەبدىئىنىڭ ئۇلى بولغان يېشىم ياكى ئاساس ياكى ئەقىدە ئەقىلغا ئاساسلانمىغان. يەنى چوڭ تۈگۈن ئەقلى بەھسى يۈرگۈزۈش بىلەن ھەل قىلىنمىغان، بەلكى كاپىتالىزم ئەقىدىسى ئوتتۇرىچە يېشىم يەنى مۇرەسسەچىلىك ئاساسىغا قۇرۇلغان. جىدەللىشىۋاتقان تەرەپلەرنىڭ دەۋالىرى، پىكىرلىرىنىڭ توغرا ياكى خاتالىقى تەكشۈرۈلمىگەن. بۇنى ئۆز-ئارا يېقىنلاشتۇرۇلغان ۋە مۇرەسسەگە كەلتۈرۈلگەن. بىر-بىرىگە قارمۇ-قارشى نۇقتىئىنەزەرلەر مەلۇم بولۇپتۇكى، كاپىتالىزم چوڭ تۈگۈننى يېشىش ھەققىدە بەھسى ئېلىپ بارمىغان. گەرچە بارلىق جىدەلنى تىنچىتىش ئاقىۋىتىدە چوڭ تۈگۈن سۇئاللىرىغا جاۋاپنى تەشكىل قىلغان كۆللى



www.uyghurkitap.com

شەيئىلەرنىڭ پەيدا بولۇش، ھەقىقىتىنى بىلىش ۋە ئۇلار ھەققىدە توغرا پىكىرنى بېرىش ئاساسىدا پەيدا بولمىغان ئىدى. بۇ جاۋاپلار گويا تۇساتتىن ئۇچراپ قالغان ياكى ئۆز-ئۆزىدىن پەيدا بولۇپ قالغان جاۋاپلار ئىدى. مانا شۇنىڭدىن قەتئى خۇلاسە قىلىشقا بولىدۇكى، كاپىتالىستىك ئاساس ئەقلى يەنى ئەقىل ئىدراك قىلىشى، چۈشىنىپ يېتىشى مۇمكىن بولسىمۇ، بىراق ئەقىلغا قۇرۇلمىغانلىقى ئۈچۈن خاتادۇر. چۈنكى ئۇ ئەقىلنى قانائەتلەندۈرىدىغان دەرىجىدىكى توغرا يېشىم بىلەن چوڭ تۈگۈننى يەشمىدى. ئەقىلنى قانائەتلەندۈرۈش جەھەتتىن تەكشۈرۈپ كۆرگىنىمىزدە ئاساسىنىڭ بۇزۇقلىقى ئىسپاتلانغانلىقى ئۈچۈن توغرا ئويغىنىشقا ئېلىپ بارمايدۇ. بىزنىڭ مەقسىتىمىز كۆچلۈك، توغرا ئويغىنىش بولغاچقا، ئاساسى ئەقىلنى قانائەتلەندۈرەلمەيدىغان بۇنداق خاتا مەبدەئنى چەتكە چۆرۈپ تاشلىشىمىز لازىم.

كاپىتالىزم ۋە پىترەت

بىز ئىلگىرى «پىترەت - ئۆزۋى ئېھتىياجلار ۋە غەرىزىلەردىن ئىبارەت بولۇپ، ئۇلارنىڭ ئەڭ مۇھىمى دىندارلىق غەرىزىسى ھېساپلىنىپ، قالغان غەرىزىلەر بىۋاسىتە ئۇنىڭغا بېرىپ باغلىنىدۇ» دەپ ئېيتىپ ئۆتكەن ئىدۇق. ئوتتۇرىچە يېشىم يەنى دىنىنى ھاياتتىن ئاجرىتىش پىكرىتىنى تەكشۈرۈپ كۆرسەك، بۇ يېشىمنىڭ دىندارلىق غەرىزىسىگە ماس كەلمىگەنلىكىنى كۆرىمىز. چۈنكى دىندارلىق غەرىزىسىنىڭ بارلىغى ياراتقۇچى زات تەرىپىدىن بېرىلگەن تەرتىپ-تۈزۈمگە بىنائەن قاندۇرۇشنى تەقەززا قىلىدۇ.

بۇ غەرىزە ياراتقۇچىنى رازى قىلىش مەقسىتىدە ئۇنىڭغا ئىبادەت قىلىش بىلەن قانىدۇ. ياراتقۇچى زاتنى نېمە رازى قىلىدىغانلىقىنى ياراتقۇچىنىڭ ئۆزى بىلىدۇ. ئىنسان ياراتقۇچىنى قانداق رازى قىلىشنى ياراتقۇچىنىڭ ئۆزى بىلدۈرگەندىن كېيىنلا بىلەلەيدۇ. بۇنىڭ سەۋەبى شۇنىڭدىن ئىبارەتكى، ئىنساننىڭ سەزگۈ ئەزالىرى ياراتقۇچىنىڭ زاتىنى ھېس قىلالمايدۇ. دىندارلىق غەرىزىسىنى قاندۇرۇدىغان ۋە ئىنسان بىلەن ياراتقۇچىنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى ئالاقىنى شەكىللەندۈرىدىغان ئىبادەتنىڭ تەرتىپ - تۈزۈمى ياراتقۇچى تەرىپىدىن كەلمەسلىكى بۇ غەرىزىنى خاتا، ناتوغرا يوللار بىلەن قاندۇرۇشقا ئېلىپ بېرىپ، خاتىرجەملىكنى ئەمەلگە ئاشۇرىدىغان توغرا قاندۇرۇشقا ئېلىپ بارمايدۇ. بۇ تەرتىپ-تۈزۈمنى تۈزۈش ئىنسانغا تاپشۇرۇپ قويۇلسا، ئىنسان ياراتقۇچىغا ناتوغرا يوللار بىلەن ئىبادەت قىلىشقا باشلايدۇ-دە، نەتىجىدە تۈرلۈك-تۈمەن تۇقۇلما، ئاساسسىز ئەپسانىلارغا، زالالەت - ئادىششلارغا ۋە خاتىرجەم بولالماسلىققا بېرىپ قالىدۇ.

ياراتقۇچىنىڭ ھاياتتىكى رولىنى ھاياتتىن ئاجرىتىۋېتىش «بارلىق مەۋجۇداتلارغا ھۆكۈمرانلىق قىلىۋاتقان ياراتقۇچى زاتنىڭ بارلىقىنى ۋە ئۇ ياراتقۇچى زات پۈتۈن ئىنسانىيەتنىڭ خاتىرجەملىكى، پاراۋانلىقى، بەخت - سائادىتى قاتارلىقلارغا كاپالەتلىك قىلالايدىغان ئەڭ توغرا تۈزۈمنى تۈزۈشكە قادىر ئىكەنلىكىنى» ھېس قىلىدىغان تەدەييۇن غەرىزىسىغا زىتتۇر.

بۇنىڭدىن تاشقىرى كاپىتالىزم گەرچە ياراتقۇچىنىڭ بارلىقىنى زىمنەن ئېتىراپ قىلغان بولسىمۇ، بىراق ئۇنىڭ بۇنداق ئېتىراپ قىلىشى يۇقىرىدا ئېيتىپ ئۆتكىنىمىزدەك مۇستەھكەم ئاساستا بولمىدى، بەلكى «ياراتقۇچىنىڭ بارلىقى ئېنىق قەتئىي ھەقىقەت» دەپ ئەمەس، بەلكى «چىرايلىق پىكىر» دەپ ھېساپلىنىدى.



شۇسەۋەپتىن كاپىتالىزمنىڭ بۇنداق پىكرى بىرىنچى پىكرى تۇقۇنۇشتىلا ناھايىتى تېز پارچە-پارچە بولۇپ كېتىدۇ. كاپىتالىزمنىڭ ياراتقۇچى ھەققىدە بەرگەن پىكرىدىن پەيدا بولغان ۋاقىتلىق يېشىم ئاساسىدا ۋۇجۇتقا كەلگەن ۋاقىتلىق خاتىرجەملىك تۈگۈشىدۇ.

يۇقىرىدىكى مۇلاھىزىلىرىمىزدىن «كاپىتالىزم پىترەتكە ماس كەلمىگەنلىكتىن كاپىتالىزمنىڭ ئاساسىنىڭ خاتا ئىكەنلىكى ئايان بولىدۇ». دېمەك، بىز كاپىتالىزمنىڭ ئەقىلنى قانائەتلەندۈرەلمەيدىغانلىقى، پىترەتكە ماس كەلمەيدىغانلىقى قىسقىسى توغرا ئويغىنىشقا يارىمايدىغان بۇزۇق، خاتا مەبدەئ ئىكەنلىكىنى بىلىۋالدۇق.

بۇ مەبدەئنىڭ بۇزۇقلىقى ۋە سېسىق - چىرىكلىكىنى ئىسپاتلايدىغان بەزى بىر كاپىتالىستىك قاراش يەنى نەزەرىيەلىرىنى كېيىنكى پەسىلدە بايان قىلىمىز.